بالىلارغا سوۋغا (2)

# ئەكەت يەيدىغان كوچولى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

باللارغا سوۋغا — 2

7

ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار

# ئەخلەت يەيدىغان كۆچۈك

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سن نەشرىياتى



مەجمۇئە ئىسمى: باللارغا سوۋغا ـ 2 (7)
كىتاب ئىسمى: ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.875
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: 5 - 2011 - 5373 - 7 - 978 ISBN
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ

## مۇندەرىجە

ئاپا، مەن ئەسكىمومۇ؟ ........................ 1
قوغۇنچى بالا ........................ 6
مۇئەللىمگە خەت ........................ 12
ئەينەك ........................ 17
قانتى سۇنغان ھەرە ........................ 21
بۇزۇلغان زەنجىر ........................ 26
ياماقچى بالا ........................ 29
تايچاق بىلەن تەخەي ........................ 35
مايمۇنچاقنىڭ شىجائىتى ........................ 40
خىيالپەرەس پاقا ........................ 46
گالۋاڭ تەخەي ........................ 51
سۇندۇك ھەققىدە رىۋايەت ........................ 55
مۇتتەھەم قاغا ........................ 62
ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك ........................ 66
ۋاپاسىز ئوغۇل ........................ 71
قاغا بىلەن قارلىغاچ ........................ 77
تۆمۈر تۇمشۇق ........................ 81

تۆگە بىلەن ئات ........................................ 86
ماختانچاق شاتۇتى ........................................ 89
مېنىڭ ئۆيۈم ........................................ 91
باھار قىز ........................................ 93
نان ........................................ 96
تەبىئەت دۇنياسى ........................................ 98
بالىلىق قەلب ........................................ 102
بايلىق ........................................ 105
مۇھەببەت يۇلتۇزى ........................................ 108
مېنىڭ مەھەللەم ........................................ 110




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئاپا، مەن ئەسكىمۇ؟

(ھېكايە)

يازنىڭ تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق بىر كۈنى ئانامغا ئەگىشىپ، يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۈككىدە يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغان تال بارىڭى ئاستىدىكى توپا يول گويا غايەت زور يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان كەنت، مەھەللىلەر شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، ئادەمنىڭ قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. ئەتراپتىن ئۇرۇلغان نەمخۇش، ساپ ھاۋا دىماققا گۇپپىدە ئۇرلاتتى.

— ئاپا، ئاۋۇ نېمە؟

— ياڭاق دەرىخى.

— ئاۋۇچۇ؟

— چىلان دەرىخى...

بەش ياشلىق ئىنىم ئېلى مەردان ئاپامدىن توختىماي سوئال سوراتتى. ئاپاممۇ ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى. بىز ئەنە شۇنداق قىزىقىش، شاد - خۇراملىق ئىچىدە ھامماملارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق.

ئەتىسى تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىغا قوشۇلۇپ، مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئويناۋاتاتتۇق. ئىنىم ئويۇننى بۇزۇپ، بىزگە پەقەت ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى. مەن:

— ئېلى مەردان هاي، ئۇنداق قىلما! — دەيتتىم. ئەمما ئۇ گاس ئادەمدەك گەپ ئاڭلاي دېمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن يانچۇقىدىن كەمپۈت، شاكىلات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى ۋە قولىدىكى ئەخلەتنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا بىر نېمە دەي دەپ بولغۇچە، هاممامنىڭ كىچىك قىزى:

— پەپىت، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىكى كەمپۈتنى تالاشتى.

ئىنىم :

— ياق، بەمەيمەن، — دەپ كەمپۈتنى ئارقىسىغا تىقىۋالدى.

مەن:

— ئۇكام، ئۇنىڭغا بىرتال بەرگىن، — دېدىم يالۋۇرۇپ. ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. ئىنىم كەمپۈتنى بەرمىگەنسېرى ئۇ تۇپا قوللىرىنى ياش يۇقى كۆزىگە سۇۋاپ تېخىمۇ يىغلايتتى...

كەچكە يېقىن تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوت ئالدۇق. قولىمىز سېمىز ئوت، يۆگىمەچ ئوت دېگەندەك...ھەرخىل ئوتلارنىڭ دېغى بىلەن قارىداپ كەتكەن ئىدى. ئالىقىنىمغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان ئىدىم. ئەمما قويلارنىڭ ئوتلارنى تالىشىپ يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم لىپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇلۇپمۇ ئوماق پاقلانلارنىڭ بېشىنى پات - پات سىلكىپ



قويۇپ، ئوت - چۆپ يېيىشى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. لېكىن بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن قوزىنىڭ توكۇر كىشىدەك ئاقساپ مېڭىشىنى كۆرگىنىمدە، ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم. قېرىشقاندەك ئىنىم ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئورنىدا ياتقىلى قويمىدى. بىچارە تاياقتىن قورقۇپ، ئورنىدىن تەستە تۇراتتى. ئازراقلا مېڭىپ، يەنە يېتىۋالاتتى. ئىنىم يەنە ئۇرۇپ، ئارامىنى قويمايتتى.

— بولدى قىل! — دەپ تاياقنى ئېلىۋالدىم ئۇنىڭ قولىدىن. ئۇ ئۆزىنى تۇپىغا ئېتىۋېتىپ، يىغلاشقا باشلىدى.

— گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەسكى، — دېدىم ئۇنى قوپۇرالماي.

بۇ چاغدا هاممامنىڭ بالىلىرى قوزىلارغا قولىدا ئوت بېرىۋاتاتتى. ئانام بىلەن هاممام باغ تەرەپتىن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا هۆل - هۆل پىشقان ساپسېرىق شاپتۇللار تۇراتتى. ھەممىمىزگە بىر قانچىدىن بەردى. بىراق نەۋرە ئاچام ئۆزىگە تەگكەن شاپتۇلدىن بىرنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالدىسىنى بىزگە بېرىۋەتتى، مەن:

— ئۆزۈڭ يە، — دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. ئۇ:

— سەن دېگەن مېهمان، — دەپ ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئىنىم بىزگە قاراپ ھەيران بولغان هالدا سورىدى:

— ئاچا، بۇ نېمە قىيغىنىڭلار؟

— دەپپاقە، نېمە قىپتۇق؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

— نېمىشكا بىي - بىيىڭلار ئايغىلى ئۇنىمايسىلەر؟ قوينىڭدىكى شاپتۇينى يېگىلى بويىمامدا؟

— يېگىلى بولىدۇ بالام، بۇلار بىر - بىرىگە كۆيۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئانام.

— كۆيۈنۈش دېگەن قايداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىنىم ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— باللار بىر - بىرىدىن نەرسە تالاشمىسا، ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسە، چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرىسا، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەت قىلسا كۆيۈنۈش بولىدۇ. بىز بۇنداق باللارنى ياخشى بالا دەيمىز. بولمىسا ئەسكى بالا دەيمىز، — دېدى ئانام تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

— مەن قوزىنى ئۇيدۇم. ئۇيداقتا، مەن ئەسكىما؟

— مۇبادا شۇنداق قىلغان بولساڭ ئەسكى ھېسابلىنىسەن، — دېدى ئانام ئىنىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئىنىم ئۇياق، بۇياققا قاراپ ئاقساق قوزىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ خۇددى ئېغىر كېسەل تارتقان بالىدەك تۆگۈلۈپ ياتاتتى. ئىنىمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا كۆتۈردى. بۇ چاغدا ياڭاق غازىڭىدەك ئىككى ئۇزۇن قۇلىقى مىدىرلاپ كەتكەندى. ئىنىم قولىدىكى سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان شاپتۇلنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئاستا تەڭلىدى. قوزا ئۇنى بىردەم پۇراپ بېقىپ، بىر - بىرلەپ يېيىشكە باشلىدى. بىز ئىنىمنىڭ قىلىقىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتۇق. ئىنىممۇ بىزگە



قاراپ، پىسسىڭىدە كۈلدى ۋە:

— ئاپا، مەن ئەمدى ئەسكىما؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، سەن دېگەن كۆيۈمچان بالا. چۈنكى، سەن ئاجىز قوزىغا كۆيۈندۈڭ! — دېدى ئانام ئىنىمنىڭ توغاچتەك مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

# قوغۇنچى بالا

(ھېكايە)

— قوغۇن ساتىمەن، قوغۇن. تەمى ئېغىزدا قالىدىغان، بىر ئالغانلار يەنە ئالىدىغان شېكەر قوغۇن، ناۋات قوغۇن...

ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان، قوشۇمىقاش، قاڭشار بۇرۇن، ئۆڭى قارىغا مايىل، يارمىغان كۆتەكتەك دىقماققىنا كەلگەن بىر بالا لىققىدە قوغۇن باسقان ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلەپ مەھەللىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپتاپتەك كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئېغىزىدىن قىزىقارلىق گەپ - سۆزلەر يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بالا ئىدى. شۇڭا بىز سۇغا چۈشۈش نىيىتىمىزدىن يالتىيىپ، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ئوغلاقتەك ئەگەشتۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ قىزىقارلىق سۆزلىرى بىزنى ماگنىت تۆمۈرنى تارتقاندەك تارتىۋالغان ئىدى.

— ھەي، توختا بالام، — ھاشىم بوۋاي ئۇنى توختاتتى ۋە، — نەنىڭ قوغۇنى بۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— يېڭى ئاچقان يەرنىڭ، سىلىگە ئوخشاش تەمبەل ئەرنىڭ، — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش. ھاشىم بوۋاي ئۇنىڭ



جاۋابىدىن سۆيۈندى بولغاي، تويى بولغان يىگىتتەك كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— راست گەپ قىل بالام، قوغۇنۇڭ تاتلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ. بالا قولىغا بىر قوغۇننى ئالدى - دە:

— بوۋا خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ئۇ ۋە قولىدىكى قوغۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا ماۋۇ نامى خانىش ئاتلىق، تەمى ھەسەلدەك تاتلىق. يېگەندىلا بىلىلا، ئاندىن «رەھمەت بالام» دەپ دۇئا قىلىلا، — دېگىنىچە قولىدىكى قوغۇننى شارتتىدە تىلدى ۋە ھەر بىرىمىزگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئوغۇت يېقىن كەلمىگەن، بازاردىن تەممىگەن، دادام قېرىغان، ئۆزۈم تېرىغان دېھقان قوغۇنى، — دېدى ئەتراپىدىكىلەرگە شوخلۇق بىلەن قاراپ. دېگەندەك قوغۇننىڭ شېكەر سۈيىدەك تەمى ئېغىزىمىزدا قالدى. ھاشىم بوۋاي ئېغىزىنى يېڭىنىڭ ئۈچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بالام، قوغۇنۇڭمۇ، گېپىڭمۇ تاتلىقكەن. ماڭا ئۈچنى خىللاپ بەر!

— ماڭا ئىككىنى.

— ماڭا تۆتنى...

بىردەمدىلا بىر توپ ئادەم خۇددى گۈلقەنت ئەتراپىغا ياماشقان سېرىق چۈمۈلىلەردەك قوغۇننىڭ يېنىغا مىژىلدە يىغىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالا تۇتقان، قويغىنىنى بىلەلمەي دېگۈدەك قوغۇن ساتماقتا ئىدى. مەن دوستلىرىمنى يانغا چاقىرىپ:

— بىر، ئىككىنى جايلىمايلىمۇ؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا.

ئۇلار باشلىقنىڭ گېپىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرلەردەك:

— بولىدۇ، — دېيىشتى باش لىڭشىتىپ. ئەخمەت بىلەن مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردۇق. قالغانلار ئارقىمىزدا ئىدى. بىز بۇرۇنمۇ يېزىدىن كىرگەن بوۋايلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇزىنى ئانچە - مۇنچە ئوغرىلاپ باققاچقىمىكىن، كۆچمەيلا ئىتنىڭ كاللىسىدەك ئىككى قوغۇننى ئارقىغا سۇڭگۇتۇۋەتتۇق. قوغۇنچى بالا خېرىدارلارغا قوغۇن خىللاپ بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بىز غىپپىلا سۇغۇرۇلدۇق - تە، قوغۇننى يېيىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يول ئالدۇق.

بۈگۈن تەتىلدىن يىغىلىدىغان كۈن ئىدى. شۇڭا قاق سەھەردىلا مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. بۇ چاغدا ھاۋا تىنىق كۆل سۈيىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئوتقاشتەك قۇياش ئالتۇن تىللالىرىنى ئانا زېمىنگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. لېكىن كۆڭلۈم تولىمۇ غەش ئىدى. چۈنكى، كىتاب ھەقسىز تارقىتىلىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، دەپتەر - قەلەم، سومكا غېمى مۇشتتەك يۈرىكىمنى تۈگمەن تېشىدەك ئېزەتتى. بولۇپمۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن سومكامنى كۆرسىلا: «مەردان، سومكاڭنى مۇزېيغا ئاسار ئەتىقە ئورنىدا



ساتساڭ بولغۇدەك...» دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم ۋە: مۇبادا دادام ھايات بولغان بولسا، مەنمۇ ھەرگىز بىر سومكىنى بەش يىل ئاسمايتتىم. دەپتەر - قەلەمنىڭمۇ نوچىسىنى ئېلىپ، دوستلىرىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم، دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. لېكىن ئائىلىمىزدىكى ئۈچ جان تۆۋەن تۇرمۇش پۇلىغىلا قاراشلىق ئىدۇق. نېمە ئامال؟...

بۈگۈن مەكتەپ ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا قاينام - تاشقىنلىققا تولغان بولۇپ، بالىلار قولمۇ قول تازىلىق قىلىشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. تۆتىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا ھەممىمىز يىغىن زالىغا يىغىلدۇق. رەئىس سەھنىسىدە مەكتەپ رەھبەرلىرى يول بويىغا تىكىلگەن تېرەكتەك قاتار ئولتۇرۇشاتتى. سەھنە تەرەپكە قاراپ ئون تۆت، ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا يېتىپ كەلدى - دە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. مەكتەپ مۇدىرى:

— بۈگۈن ئوقۇغۇچى ئابدۇراخمان ئايۇپ مەكتىپىمىزدىن 64 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا ئۆز قولى بىلەن سومكا، دەپتەر - قەلەم تارقىتىدۇ، — دەپ جاكارلىدى. دېگەندەك قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە چىرايلىق سومكا، دەپتەر - قەلەملەرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

مۇدىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئالدىن

بېيىغان مەرپەتپەرۋەر دېھقان ئايۇپ ئاكىنىڭ تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتىكى ئوغلى ئابدۇراخمان ئايۇپ ئىكەن. ئۇ دەرسلەردە ئالاھىدە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇستا باغۋەن ئىكەن. ئۇ بۇ يىل ئۆزى مۇستەقىل تۆت مو يەرگە قوغۇن تېرىپتۇ. تەتىل مەزگىلىدە پىشقانلىرىنى سېتىپ، 3500 يۈەن كىرىم قىلىپتۇ ۋە تۇنجى ئەمگەك مېۋىسىنى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى دادىسىغا دەپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ ئىنسابلىق بالا بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلى يەنى مەكتەپ مۇدىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ...

تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن ئۇ سۆزگە تەكلىپ قىلىندى.

— ساۋاقداشلار، ياخشىمۇ سىلەر؟ — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — مەن سىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلالىغىنىمدىن، يېڭىلاردا بىرگە تۇرالىغىنىمدىن تولىمۇ خوشال. چۈنكى، دادام ماڭا دائىم: «ئوغۇل بالا دېگەن تىرىشچان، شىجائەتلىك، ئەمگەك سۆيەر، سەممىي بولغۇلۇق» دەيتتى ۋە بىرەر ئىشتا بىلىپ ـ بىلمەي شەخسىيەتچىلىك قىلىپ سالسام: «قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. مانا بۇ تەربىيەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەقىل ئىش قىلىشنى ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۈمىدىم، كەلگۈسى بەختىڭلار ئۈچۈن تىرىشىڭلار! ھەرگىزمۇ سەممىيەتسىز، ھۇرۇن بولماڭلار! قولۇڭلاردىن كەلسە ئەلدىن ھىممىتىڭلارنى ئايىماڭلار! بىزدە:



«ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتايلى، ياخشى ئىش بىلەن نامىمىزنى تارىتايلى! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ئىدىم. لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىمنى ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتاتتىم. دوستۇم ئاستا نوقۇدى ۋە:

— قارا، ھېلىقى قوغۇنچىكەن، — دېدى سەت ھېجىيىپ. بىردىنلا تەتىلدىكى ئىش ئېسىمگە كەلدى. مەن نېمىشقىدۇر دوستۇمدەك ھېجىيالمىدىم. ئەكسىچە ھازىرلا تۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك بوينۇمنى ئاستا چېتىمنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ: «ھەرگىزمۇ سەممىيەتسىز، ھۇرۇن بولماڭلار» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، شالپەردەك قىزاردىم. ئىچىمدە: جان كەتسىمۇ سەممىيەتسىز بالا بولمايمەن، ئۇنىڭ ئېسىل روھىدىن ئۆگىنىپ، ئەل ـ ۋەتەنگە تۆھپە قوشىمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ جاپا تارتىشى بىزدەك بالىلار ئۈچۈن ئىكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇئەللىمگە خەت

(ھېكايە)

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن خېلى تىرىشىپ باققان بولساممۇ، ئوتتۇرا ھال كېتىپ باراتتىم. دادام ئوقۇتقۇچىلارغا دەپ قويغانمۇ بىلمىدىم، ئۇلار ماڭا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى. لېكىن بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلىقلىرى كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمايتتى. قايسىبىر كۈنى «ھەممىباب» دەرسى بېرىدىغان رازاق ئەسەدۇللا مۇئەللىم ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ، ئورنىدىن خۇددى بىرسى چىمدىۋالغاندەك لىككىدە تۇردى. كۆزدە قوناق پاسىرىغا يۆگەپ قويغان ئەششاپتۇلدەك يۈزىگە زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئالدىمىزدا پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز، سىزنى قاتناشسۇنمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن.

— ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق، شۇڭا...

— بىر ساۋاقداش بەش خىل كەشپىيات ئىجاد قىلىپتىكەن. سىز ماقۇل بولسىڭىزلا بىرىنى توغرىلايمەن. ئۇ چاغدا ئۇمۇ،



سىزمۇ نەتىجىگە ئېرىشىسىز. دادىڭىزمۇ سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. نامىڭىز...

— نېمە، خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەمدىمەن؟ بۇ سىزچە... — مەن توك تەپكەن ئادەمدەك تىترەپ كەتتىم. شۇڭا ئاغزىم مىدىرلايتتى ـ يۇ، گەپ چىقمايتتى. بىر چاغدا ئېسىمنى يىغىپ:

— مۇئەللىم، مەن دەرسلەردە ئانچە ياخشى بولمىساممۇ، ھەرگىز پەسكەش ئادەملەردىن بولمايمەن، — دېدىم غەزەپ بىلەن.

مۇئەللىم مەندىن بۇنداق جاۋاب كۈتمىگەچمىكىن، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ، ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئېغىزىغا ئون چىۋىن كىرىپ، بەش چىۋىن يېنىپ چىقسىمۇ تۇيمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر چاغ بولغاندا:

— بۇ، بۇ... — دېگىنىچە ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى بەئەينى يېلى قاچقان توپقىلا ئوخشايتتى.

بۇ ئىشلارغا بىرقانچە كۈن بولغان بولسىمۇ، كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك غەش ئىدى. نېمىشقىدۇر تېقىمىغا بۇرگە كىرىۋالغان ئادەمدەك ئارامسىزلىناتتىم ۋە: مەن مۇئەللىمگە بەك قاتتىق تەگدىممۇ، قانداق، ئۇ نېمىشقا غۇرۇرۇم بىلەن ئوينىشىدۇ؟ ئۇ ئىنسان ئۇچۇن ۋىجداننىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ...؟ دەپ ئويلايتتىم. ئويلىغانسېرى مۇئەللىمنىڭ ئىشىدىن ئېغىر خورسىناتتىم، ئازابلىناتتىم. پات ـ پات: ئەگەر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بالىسى بولمىغان بولسام، ئۇ شۇنداق قىلارمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم. تۇرۇپ: ھەرقانچە بولسىمۇ دىلىغا

ئازار بەرمىسەم بولۇپتىكەن، دەپ ئويلاپ پۇشايمانمۇ قىلاتتىم. مەن قانچە قىلىپمۇ خىياللار قاينىمىدىن چىقالمىدىم. ئاخىرى بولماي مۇئەللىمگە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم ـ دە، قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم.

«مۇئەللىم، مەن سىزگە قاتتىق تېگىپ سالدىم. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، دىلىڭىزغا ئازار بەرمىسەم بولاتتى. چۈنكى سىز ماڭا ئۇستاز. شۇڭا ئاۋۋال سىزدىن ئەپۇ سورايمەن! لېكىن مۇئەللىم، بۇ ئىشتا سىز نېمە دېمەڭ، مېنىڭچە خاتا قىلدىڭىز. مېنى تەنتەك باللار قاتارىدا كۆرۈپ، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلماقچى بولدىڭىز. بەلكىم سىز ماڭا بىرەر قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، روھىمنى ئۇرغۇتماقچى بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما مۇئەللىم، سىز ئويلىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر مەن سىز دېگەندەك قىلسام، بەلكىم شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشىم مۇمكىن. بىراق بۇ مېنىڭ ھەقىقىي شان ـ شەرىپىم بولالامدۇ؟ سىزچە مەن بۇ شان ـ شەرەپنى يۈدۈپ يۈرەلەمدىمەن؟ بۇنى دادام ئاڭلىسا ئازابتىن چالا بوغۇزلانغان ئۆكۈزدەك تېپىرلاپ كەتمەسمۇ؟

مۇئەللىم، سىز بەلكىم ماڭا كۆيۈنگەنسىز. لېكىن سىزچە بۇ ماڭا كۆيۈنۈشمۇ؟ ياكى شەبنەمدەك پاك قەلبىمنى ناپاك قىلىشمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا سىز نېمىشقا مېنى ۋىجدان ئازابلىنىدىغان ئىشنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىسىز؟ مۇبادا



دادام مەكتەپ مۇدىرى بولمىسا، ماڭا يەنە ياخشىچاق بولارمىدىڭىز؟

مۇئەللىم، ئېسىڭىزدە بولسۇن! سىز ئوقۇتقۇچى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. مۇبادا سىزنىڭ روھىڭىزغا قۇرت چۈشسە، سىز تەربىيەلىگەن باللار قانداق بولماقچى؟ شۇڭا سىز بىزگە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىڭ! بىراق ئادەم بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ! مەن گەرچە دەرسلەردە دېگەندەك ياخشى بولالمىساممۇ، نېمىنىڭ ۋىجدان، نېمىنىڭ غۇرۇر، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا سىزنىڭ بۇ قىلىقىڭىز ماڭا ياقمىدى. ياقمىدىلا ئەمەس، غۇرۇرۇمغا تەگدى.

مۇئەللىم، دادام ماڭا دائىم: ‹دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىلىم ــ ئادەم بولۇش› دەيدىغان. مېنىڭچە بىر كىشىدە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانىي خىسلەت بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئەل ـ يۇرتقا نېمە كېرىكى؟ بۇ خۇددى شائىر لۇتفىنىڭ ‹مېھرى ـ ۋاپاسى يوق كىشى، قۇياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا› دېگەندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ شۇڭا سىزگە دەيدىغىنىم، ماڭا ۋە ئەۋلادلىرىڭىزغا كۆيۈنسىڭىز، روھىڭىزنى چىرماپ ئالغان قۇللۇقتىن، تەمەدىن قۇتۇلۇڭ! ئاندىن بىزنى ئادەم بولۇش يولىغا باشلاڭ! شۇندىلا سىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئورنىڭىز تۇن يۇلتۇزلىرىدەك يارقىن چاقنايدۇ.

مۇئەللىم، بەلكىم مەن كىتابنى كۆپ ئوقۇغاچقىمىكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادىمىلىك ھەققىدە تولا ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا خېتىمدىمۇ بۇ توغرىسىدا بىلگىنىمچە يازدىم. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئويلىنىپ باقارسىز. ئەگەر پىكىرلىرىم سىزگە ياقمىسا، تەنتەكلىكىم ئۈچۈن سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن!

مۇئەللىم، ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: «مائارىپ — ئادەم تەربىيەلەيدىغان جاي.» «مېنىڭ، ھەقىقىي ئادەم» بولغۇم بار!»

مەن خەتنى يېزىپ بولۇپ، مۇئەللىمگە بېرىش - بەرمەسلىك توغرىسىدا خېلىلا ئويلاندىم. كېيىن: «بۇ خېتىمنى رازاق ئەسەدۇللا مۇئەللىم ئارقىلىق باشقا ئوقۇتقۇچىلار كۆرسە، بەلكىم بىر نەرسە دەر»دېگەن ئۈمىد بىلەن مۇئەللىمگە بەردىم. بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ، مۇئەللىملەر ئۈن - تىنسىز قىلىشمىدى. بەلكىم خېتىمنى ئوقۇغاندۇ ياكى ئوقۇمىغاندۇ؟ لېكىن مەن خېتىمنىڭ ئوقۇلۇپ، مېنى ياكى ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.



## ئەينەك

(ھېكايە)

ئىيۇل ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى. دوستۇم دىلشات بىلەن بازار ئارىلاپ كېتىۋاتاتتۇق. بازار ۋاراقشىپ قايىنىغان قازاندەك قىزىغان بولۇپ، كاسىپ - ھۈنەرۋەن، سېتىقچىلار بار ئاۋازدا تووۋلاپ، ئۆز ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى. ھاۋامۇ تونۇر تەپتىدەك بولۇپ، ئۇسسۇزلۇق ئادەمنى قىيناتتى. بىز بىر پىچىمچىنىڭ ئالدىغا باردۇق - تە، تاۋۇزدىن ئىككى تىلىم ئالدۇق. ئۇ ھەدەپ:

— يېڭى يەرنىڭ تاۋۇزى. شېكەر تاۋۇز. يېگەنلەر دەرماندا، يېمىگەنلەر ئارماندا، — دەپ خېرىدارلارغا تاۋۇزنى ماختايتتى. بىز تاۋۇزنى شالاپشىتىپ يېيىشكەن پېتى مىغ - مىغ ئادەملەر توپىغا كىرىپ كەتتۇق ۋە قولىمىزدىكى تاۋۇز شاپىقىنى چوڭ يولغىلا تاشلىۋەتتۇق. بىز ئەمدىلا تۆت، بەش قەدەم ئېلىشىمىزغىلا ئارقا تەرىپىمىزدىن:

— ۋايجان، — دېگەن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپلا قارىدۇق. يول ئۈستىدە 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بوغداي

ئۆك، چىرايىنى يول - يول قورۇقلار قاپلىغان بىر موماي ئوڭدىسىغىلا ياتاتتى. ئۇنىڭ پۇتى يېنىدا بىز تاشلىغان شاپاق تۇراتتى. بىز مومايغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزىمىزچە كۈلدۇق. تاشلىغان شاپىقىمىزنىڭ كارامىتىدىن سۆيۈنۈپ، پەرۋاسىز يولىمىزغا راۋان بولدۇق. دەل شۇ چاغدا:

— ھۇ، تەربىيە كۆرمىگەن ھارىمىلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تەڭلا مومايغا قارىدۇق. ئۆچەيلا دەپ قالغان كۆزلىرىدە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي تۇراتتۇق. 15 ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق، بۇدۇر چاچ، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت دەرھال يېتىپ كەلدى - دە، مومايىنى يۆلىگەچ:

— موما بىر نېمە بولمىغانلا؟ — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن.

— بىلىمنى رۇسلىيالمايۋاتىمەن بالام، — دېدى موماي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ. بالا بىزگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى - دە، مومايىنى ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئۇ بالىسىمىدۇ؟ — دەپ سورىدى دوستۇم مەندىن.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ. بولمىسا بىكاردىن - بىكار ئۇنى يۆلەپ يۈرگىلى ساراڭ بولمىسا ئۇ، — دېدىم دوستۇمنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

ئۇلار كەتتى. بىزمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يولىمىزغا راۋان بولدۇق - تە، بازارنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ، كەچ بولغاندىلا



ئۆيىمىزگە قايتتۇق.

شۇ كۈنى ھاردۇقتا بالدۇرلا ئۇخلىدىم. چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئاپپاق ساقاللىق خىزىر سۈپەت بىر بوۋاي ماڭا قاراپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— ئوغلۇم سېنىڭ يۈزۈڭ، قەلبىڭ نېمىدېگەن قارا - ھە؟ سەن نېمىشقا ئەينەككە قاراپ باقمايدىغانسەن؟ — دېگۈدەكمىش. مەن شۇ ھامان ئەينەككە قارىغۇدەكمىشمەن. چىرايىم ئاق، قارىمۇ يوق ئىمىش. شۇنىڭ بىلەن:

— بوۋا ئەينەككە قارىدىمغۇ؟ نەدىمۇ چىرايىمدا قارا بولسۇن؟ — دېگۈدەكمىشمەن. بوۋاي مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— بالام. ئەينەك چىرايىڭنى، تۇرقۇڭنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىنى بىلەن قەلبىڭنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن ھەقىقىي ئەينەككە قارىساڭ ھەممىنى كۆرەلەيسەن. ئۇ سېنىڭ نۇقسان، كەمچىلىكىڭنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئىشەنمىسەڭ بازاردىكى مومايىنى يۆلىگەن بالىغا قارا! ئۇ ساڭا، ۋىجدانىڭغا ئەينەك بولالايدۇ. چۈنكى ئۇ مومايىنىڭ بالىسى ئەمەس. ئەمما ئەلنىڭ بالىسىكەن. مانا بۇ ھەقىقىي ئەركەك. بىراق سىلەرچۇ؟... — بوۋاي شۇنداق دەپلا يوقاپ كەتكۈدەكمىش. مەن بوۋاينى توۋلىغان پېتى ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. شۇ چاغدا ئۆپكەم ئۆرۈلگەندەك بولدى. يۈزۈم ئوت كەتكەندەك كۆيۈشتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەنھا ئولتۇرۇپ، خىيالغا چۆكتۈم. موماي، ئۆزۈمنى، دوستۇمنى ئەسلىدىم. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر كەچ كۈز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياپراقلىرىدەك تىترىدىم. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ياش يىگىتكە
ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. چۈنكى ئەينەكتە بالا
چېھرىدىن مېھىر نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئەمما مەن بولسام
نادانلىقنىڭ كوچىسىدا ياياق يۈرەتتىم.



# قانتى سۇنغان ھەرە

(ھېكايە)

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتۇق. نەدىندۇر «غىڭ، غىڭ...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر سېرىق ھەرە پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى چارلىغۇچى ئايروپىلاندەك ئەتراپىمىزدا توختىماي ئۇچاتتى. بىز ئۇنىڭ يېقىمسىز مۇزىكىدەك سەت ئاۋازىدىن جىلە بولغانسېرى، ئۇ بوغداينىڭ قىلتىرىقچىلىك ئىنچىكە نەشتىرىنى ساڭگىلىتىپ، يېنىمىزدىن نېرى بولمايۋاتاتتى. بىزنىڭ دىققىتىمىز خۇددى يېپىدىن چىقىپ كەتكەن مارجانلاردەك چېچىلىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ قايسى تەرەپكە ئۇچسا بىزمۇ تەبىئىي ھالدا شۇ تەرەپكە قارايتتۇق. ئۇ بىر چاغ بولغاندا دېرىزە ئەينىكىنىڭ قىرىغا قوندى. ئايالىم ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، قولىغا ئىتتىنىڭ تىلىدەك لەپپەڭشىپ تۇرىدىغان چىۋىن پالىقىنى ئالدى. ئاندىن يەرنى خۇددى قىش كۈنى نېپىز مۇز ئۈستىدە ئاۋايلاپ مېڭىۋاتقان يولۇچىدەك ئاران ـ ئاران دەسسەپ، دېرىزە يېنىغا باردى. پالاقنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ «پاققىدە» بىرنى قويدى. سېرىق ھەرە

گويا ئوق تەگكەن قۇشتەك ئوك ـ تەتۈر ئۇچقىنىچە، ئالدىمىزدىكى ئۇستەلگە «پوككىدە» چۈشتى. ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغان توققۇز ياشلىق قىزىم ئالمىرە:

— ھا، ھا...ئەمدى ئۇچالمايدىغان بولدى، — دېگىنىچە چاۋاك چېلىپ كەتتى. بۇ چاغدا سېرىق ھەرە جەڭدە ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغان ئەسكەردەك تېپىرلاپ، دۈم بولۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئايالىم پالاقنى يەنە كۆتۈردى. نېمىنىدۇر ئويلاپ:

— توختا، ئۇ مىدىرلاپ باقسۇن! — دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ قولىنى ئاستا چۈشۈردى. بۇ چاغدا سېرىق ھەرە دۈم بولغانىدى. مەن چوڭ قىزىمدىن:

— سېنىڭچە ئۇ قايتا ئۇچالارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. قىزىم سېرىق ھەرىگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— قانىتى سۇنۇپتۇ، مېنىڭچە ناتايىن، — دېدى مەيۇسلۇك بىلەن.

— سىزچىچۇ قىزىم؟ — دېدىم ئالمىرەدىن. ئۇ ئويلانمايلا:

— ئەمدى ھەرگىز ئۇچالمايدۇ، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن. ئايالىمغا بۇ گەپ ـ سۆزلەر ياقمىدىمۇ ئەيتاۋۇر:

— ئوھوش، بالىلارغا سىنىپتا ئۆتكەن دەرسلەر يېتەر ئەمدى. نەدىكى يوق ئىشنى تالىشىپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇ بەربىر ئۆلىدۇ شۇ، — دېدى تېرىككەندەك قىلىپ. مەن كۈلۈپلا قويدۇم ۋە بالىلىرىمغا قاراپ:

— ئەمدى سېرىق ھەرىنى كۆزىتەيلى! — دېدىم.



— ماقۇل، — دېيىشتى ئۇلار. بىز سېرىق ھەرىگە قارىدۇق. ئۇ ئورنىدىن يىڭنىنىڭ تۆشۈكچىلىك ئارىلىقتا سۈرۈلگەنىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن پۇتىنى مىڭ تەسلىكتە ئۆرە قىلدى. لېكىن ئوقى سۇنۇپ كەتكەن ھارۋىدەك يەنە يېنىچە يىقىلىپ چۈشتى. ئېھتىمال پۇتىمۇ سۇنۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئارانلا ئۆرە بولاتتى ـ يۇ، يەنە يىقىلىپ كېتەتتى. بۇ ھەرىكەت بىرنەچچە ئون قېتىم تەكرارلاندى. بۇ جەرياندا يېرىم سانتىمېتىر ئارىلىقتا ئالغا سىلجىغان ئىدى.

— ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، ئىككىلا قانىتى سۇنۇپتۇ دادا، ئەمدى ئۇچالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى كىتابىمىزنى ئوقۇيلى! — دېدى چوڭ قىزىم.

— راست، ئۇ ئۆرە بولالمايۋاتسا، قانداقمۇ ئۇچالايدۇ؟ — دەپ ئاچىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى ئالمىرە.

— مېنىڭچە ئۇچالايدۇ، — دېدىم بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

— ئۇچالمايدۇ.

— ئۇچالايدۇ...

— ئەمسە قول باغلىشايلى، — دېدى ئىككىلا قىزىم. مەن ماقۇل بولدۇم. بىز قول باغلاشتۇق ۋە ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق. سېرىق ھەرىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىلگىرىلەش ئاز ئىدى. گەرچە ھەممە ئىشقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولسامۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر: ئەگەر ئۇ راستتىنلا ئۇچالمىسا، بالىلارغا نېمە دەرمەن؟ دېگەن ئويدا ئىدىم. ئون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن سېرىق ھەرە بەئەينى يېڭى تۇغۇلغان قارا قوڭغۇز بالىسىدەك ئاستا ـ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئىچىمدە: «نېمىدېگەن قەيسەر ـ ھە!؟» دەيتتىم. كۆز ئالدىمدا بولسا بىر قىسىم بالىلارنىڭ ھە دېسىلا: «قىلالمايمەن» دېگەن سۆزى بىلەن سېرىق ھەرىنىڭ ھەركىتى ئالمىشىپ تۇراتتى.

«گىژ، گىژ...» سېرىق ھەرە ھە دەپ قانات ئۇراتتى. ئەمما ئارقا تەرىپىگە تاش ئېسىپ قويغاندەك قۇيرۇقىنى يەردىن ئاجرىتالمايتتى. قىزىق، ئۇ ئۇچۇشقا ھەرىكەت قىلغانسېرى، سۇت قەغىزدەك نېپىز قانىتى پۇرلىشىپ قالغان كىيىمگە دەزمال سالغاندەك تۈزلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىن نەچچە سانتىمېتىرچە كۆتۈرۈلدى. ئەمما چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئۇچاتتى، يەنە چۈشۈپ كېتەتتى... ئېھتىمال بۇ ھەرىكەت ئەللىك قېتىمدەك تەكرارلاندى بولغاي، ئۇ ئاخىرى ئۈستەل ئۈستىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلدى ۋە بىر پەسلەپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ دېگەندەك تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىگە قوندى. قىزلىرىم كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. شۇڭا چوڭ قىزىم:

— دادا، ئۇنىڭ ئۇچالايدىغانلىقىنى قانداق بىلگەنتىڭىز؟ — دەپ سورىدى. مەن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

— ئۇنىڭ ئۇچالىغانلىقىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ — دەپ سوئال سورىدىم ياندۇرۇپ. قىزىم بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتمەي، ئىشەنچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندىم، — دېدى ماڭا قاراپ.



— سىزچە سېرىق ھەرە قانداقكەن؟ — دېدىم ئالمىرەگە.

— بەك يامانكەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماڭا قاراڭلار، — دېدىم ئۇلارنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ، — ئۈمىد بىلەن ئىشەنچ، يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتمەسلىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. بىزدە: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن گەپ بار. قارىسام ھەرە ئۆلمەپتۇ. دېمەك ئۇنىڭدا مىڭدەن بىر پىرسەنت بولسىمۇ ئۈمىد بار. شۇڭا ئۇنى «ئۆلمەيدۇ» دېگەنىدىم. دېگەندەك ئۇ بەل قويۇۋەتمەي ئاخىرى يەنە ئۇچتى. مۇبادا تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسىچۇ؟ ئېھتىمال سىلەر دېگەندەك ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مانا بۇ ھاياتلىق، مانا بۇ ياشاش، — قىزلىرىم بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك باش لىڭشىتتى. كىچىك قىزىم:

— دادا، سىزچە ئۈمىد ھەممىدىن مۇھىمكەندە؟ — دەپ سورىدى ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ تۇرۇپ. مەن:

— شۇنداق، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ. ئاندىن چوڭ قىزىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قىزىم، مۇنبەرگە يېڭىدىن چىقتىڭىز. بىر توپ كىچىك سېرىق ھەرىلەر دەرسخانىڭىزدا ئۇچۇشنى ئۆگەنمەكتە. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ «ئۇچالمايسىلەر» دېمەڭ، بەلكى ئۇلارنى بىر ئاماللار قىلىپ ئۇچۇرۇڭ! — دېدىم تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن. ئۇ:

— ماقۇل مۇئەللىم، — دېدى شوخلۇق بىلەن. بىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. كۈلكىمىزدە ئۈمىد نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى.

# بۇزۇلغان زەنجىر

(ھېكايە)

سىنىپ ئىشىكىنىڭ زەنجىرى بۇزۇلۇپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ، مۇئەللىمگە دېمىدۇق. يا بىرەسىمىز زەنجىر، مىخ ئەكىرىپ، ئوڭشاپ قويمىدۇق. تۆتىنچى كۈنى سىنىپتىن نۇرغۇن ماتېرىيال يىتىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا ھەممىمىز سامانلىقتا چۈشكەن قۇشقاچلاردەك چۇرقىرىشىپ كەتتۇق.

— خوپ بولدى، ئالەيتەندە بىرەسى ئوڭشاپ قويمىغاندىكىن.

— شۇنى دېمەمسەن، بالا دېسە قىرىقى بار. لېكىن بىرەرسىمۇ قولىنى ئەگرى قىلمىدى دېسە...

— خەقنىڭ ئىشىغا «تومۇزدا قول كۆيۈپتۇ» دېگەن مۇشۇدە.

— مەكتەپ بويىچە بىزنىڭ سىنىپتا پىخسىقلار ئەڭ كۆپمىكىن دەيمەن.

— ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى نان قېپى، ھۇرۇن بىر نېمىلەر.

— قىزلارمۇ شەخسىيەتچى.

— يەنىلا ئاشۇ مۆرىمەس ئالىمجان ياخشىكەن. ئۇ ئاغرىپ قالمىغان بولسا، سىنىپ ھەرگىزمۇ قۇلۇپلاقسىز قالمايتتى.



— ئۇ چاغدا ماتېرىياللارمۇ يىتمەيتتى...

باللار نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلىشەتتى. لېكىن ھېچكىم زەنجىر ئەكىرىپ قېقىپ قوياي دېمەيتتى. ئەگەر سىنىپ باشلىقى بىرەسىنى بۇيرۇسا «مېنىڭ ئىشىممىدى بۇ؟» دېيىشىپ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى يا سىنىپ ھەيئەتلىرى قىلىۋېتەيمۇ دېمەيتتى.

زەنجىر بۇزۇلۇپ، بەشىنچى كۈنى ئالىمجان سىنىپقا كەلدى. چۈشتىن كېيىن قارىساق بۇزۇلغان زەنجىرنىڭ ئورنىغا يېڭىسى ئالماشتۇرۇلغان ئىدى.

دۈشەنبە سىنىپ يىغىنى ئېچىلدى. مۇئەللىم بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تاپقانمۇ قانداق، ھەممىمىزگە خېلىلا كايىدى. شەخسىيەتچى، ھۇرۇن بولماسلىق، ئاۋامنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا تەربىيە قىلدى. ئاندىن ئالىمجاننىڭ بىرقانچە قېتىملىق ياخشى ئىشىنى تىلغا ئالدى. بۇزۇلغان زەنجىرنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىدەك ئېسىل خىسلىتىنى بىر ھازا ماختىدى ۋە بىزلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ قارىسى يىتە - يىتمەيلا تېپىنچ سىنىپ ئىچى بىردەمدىلا كۆنىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرە ئۇۋىسىدەك مىژىلداپلا كەتتى.

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، ئۇنچىلىك ئىشنى كىممۇ قىلالمايدۇ؟

— بىر يېرىم كوينىڭ ئىشىغۇ شۇ، شۇنىڭغىمۇ شۇنچە

ماختاپ كەتكەن بارمۇ؟

— ئاق كۆڭۈلمىش تېخى، بىر مۆرىمەس، بۇتقۇ ئۇ...

— ئۇ بىر نېمە ئەزەلدىنلا مۇئەللىمگە ياخشىچاق.

— ھەي ئاغىنىلەر، يا ئۆزىمىز قىلالمىساق، يا قىلغانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يوق، قاراپ تۇرۇپ خەقنى تىللىساق، بۇ ...

— ئىشىڭنى قىل...!

باللار ئېغىزىغا كەلگىننى دېيىشكىنىچە، سىنىپتىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشمەكتە ئىدى. قارىسام ئالىمجان سىنىپنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئەتمەكتە ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياماقچى بالا

(ھېكايە)

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بىر چۈشلۈكى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىدىن تونۇر تەپتىدەك ھارارەت دىماققا ئۇرۇلاتتى. گۈلباغدىكى كېسىشمە يولنىڭ دوقمۇشىغا ھاسىراپ دېگۈدەك ئارانلا كەلدىم - دە، ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىغا شۈڭگۈدۈم. بۇ يەردە بىر توپ ئادەم ئون تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنىڭ يېنىغا يېپىشىۋالغانىدى. بالىنىڭ قولىدا قايسىبىر يازغۇچىنىڭ «بۇ شۇنداق جاھان» دېگەن رومانى بار بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئولتۇرغانلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. بىر خېرىدار شىپپىدە يېتىپ كەلدى - دە:

— ئۇكام، ماۋۇ ئاياغنى ياماۋەتسەڭ بوپتىكەن، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئاياغنىڭ سۆكۈلگەن يېرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ھە، مانا ھازىرلا، — بالا شۇنداق دېدى - دە، ئەتراپتىكىلەرگە كەچۈرۈڭلار دېگەندەك لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئاياغنى ياماشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاياغ

ماشىنىنىڭ «دىر، دىر، دىر...» قىلىشى بىلەن چانىمىغۇدەك دەرىجىدە يامالدى. خېرىدارلار دېيىشىۋالغاندەكلا بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئىشىنىڭ بىرەر سائەتلەردىمۇ تۈگىمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن بالا:

— ئاكىلار، رومانىنى ئەتە ئوقۇساق، بۈگۈنچە... — ئۇشۇنداق دەپلا ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز سەپسالدىم. ئۇ بوغداي ئۆڭ، قويۇق بۇدۇر چاچ، يوغان ئۆي كۆز، قوش قاپاقلىق، قاڭشار بۇرۇن، ئۇستىخانلىق بالا بولۇپ، سەدەپتەك ئاپپاق چىشى ئۇنىڭ قۇياشتەك كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايىغا قوشۇلۇپ، ئادەمگە شۇنداق يېقىشلىق تۇيغۇ بېرەتتى. كىيىۋالغان كىيىمى ياماق چۈشكەن، ئاددىي - ساددا بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەنھەرىكەتچىدەك بەستىگە خوپ ياراشقانىدى. ئۇ مېيىپلار هارۋىسىدا ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئوڭ پۇتى تىزىدىنلا كېسىۋېتىلگەنىدى. ئەمما چىرايىدا قىلچە مەيۈسلۈك، بىچارىلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئالدىدا بىر كىچىككىنە ئەپچىل، تۆت چاسا شەكىلدىكى تۆمۈر ساندۇق، ساندۇق يېنىدا ئاياغ تىكىش ماشىنىسى، ساندۇق ئۈستىدە مىخ، بولقا، دۈۋەششە، يىپ، يىڭنە، ياماقلىق خۇرۇم رەخت، پېتەك، ماي...دېگەندەك لازىمەتلىكلەر رەت - رېتى بويىچە تۇراتتى. دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتقىنى شۇ بولدىكى، ساندۇقنىڭ ئوڭ تەرەپ خاپىنى هاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، ئۇ يەردە «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، خەنزۇچە دەرسلىك ۋە لۇغەت



دېگەندەك ماتېرىياللار تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش ئىستىكىم قوزغالدى - دە، ئىشىنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇم.

— رەھمەت بالام، قولۇڭغا دەرد تەگمىسۇن! — ئاپپاق چاچلىق بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، بىر كوي پۇلنى بالىغا تۇتقۇزۇپ كېتىپ قالدى. بالا ئۇنى ئۇزىتىپ بولۇپلا، قولىغا خەنزۇچە دەرسلىكنى ئالدى.

— ئۇكام، مۇمكىن بولسا سىز بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي دېگەنىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىگە بېقىپ.

— نېمە گەپ بولسا تارتىنماي سوراۋېرىڭ تاغا، — دېدى ئۇ ئۈستىبېشىمغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن.

— قارىسام تولىمۇ غەيرەتلىك، ئۈمىدۋار بالىدەك قىلىسىز، — دەپ سۆز باشلىدىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمچە پۇتىغا نېمە بولغاندۇ، نېمىشقا ئوقۇمىغاندۇ؟... دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم، — قارىسام ھەسەل ھەرىسىدەك بىردەم بىكار تۇرمايدىكەنسىز. شۇڭا ئەھۋالىڭىزنى بىلگۈم كەلدى.

— سىز مۇخبىرمۇ؟

— ياق، مەن ئوقۇتقۇچى، پەقەت سىزنىڭ...

— ھە، بىلدىم، — ئۇ گېپىمنى بۆلدى - دە، ھېكايىسىنى باشلىدى.

— باشلانغۇچنىڭ 4 - يىللىقىغا چىققان مەزگىللىرىم ئىدى. بىر كەچلىكى مەكتەپتىن يېنىپ، ئۆيگە قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتاتتىم. ئۈچ، تۆت ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ قاتناش يولىدا
غەمسىز كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ چاغدا
قارشى تەرەپتىن بىر ماشىنا قۇيۇندەك تېز كېلىۋاتاتتى. «ئاپلا»
دېدىم ـ دە، ئۆزۈمنى يولغا ئاتتىم. شۇ چاغدا بالا
قۇتقۇزۇۋېلىندى. بىراق بىر پۇتۇم ماشىنا ئاستىدا قېلىپ...ـ
ئۇ گېپىنى چىپپىدە توختاتتى ـ دە، كېسىلگەن پۇتىنى
كۆرسەتتى. ئىچىمدە: ئۇ نەقەدەر باتۇر، نەقەدەر قەيسەر ـ ھە؟
دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە:

— ئوقۇش ئىشىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئوقۇش... — ئۇ بۇ سۆزنى ئىككى قېتىم ئالاھىدە ئۇرغۇ
بىلەن تىلغا ئالدى ۋە، — ئوقۇش نەقەدەر ياخشى ـ ھە؟ مېنى
كىممۇ ئوقۇغۇسى يوق دەيدۇ؟ مېنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر
ئازابىم نامراتلىق ياكى مېيىپلىقمۇ ئەمەس. دەل
ئوقۇيالمىغانلىقىم. مەنمۇ ساۋاقداشلىرىمدەك ۋالىبول،
پۇتبول...ئويناشنى، ئىلىم بېغىدا قۇشلاردەك شادىيانە سايراشنى
نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە؟ بىراق تاغا، — دېدى ئۇ چوڭ
ئادەملەردەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ، — تەقدىر دېگەن
ئاجايىپ بولىدىكەن. پۇتۇم سۇنۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي «كۆتۈرەلمىسەڭ
ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك دادام قاشتېشى كولاش جەريانىدا
شېغىل ئاستىدا قېلىپ، ئېچىنىشلىق قازا قىلدى. ئانام
بىلەن ئىنىم ئاچ قالغان ئاسلانلاردەك توگۇلۇپلا كېتىشتى. شۇ



ھالدا مېنى كىممۇ مەكتەپكە ئاپىرىدۇ، كىممۇ ئەكىلىدۇ،
ئائىلىمىزگە كىم قارايدۇ؟ مەن شۇنداق ھالدا ئوقۇيالامدىمەن؟ — ئۇ
كۆز چاناقلىرىغا يامرىغان ياش تامچىلىرىنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ
سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مەن شۇ ئىشتىن كېيىن ئوقۇشتىن چېكىندىم. يېرىم
يىل مېيىپلار ئىدارىسى بەرگەن ھارۋام بىلەن ياماقچىلىققا
شاگىرتلىققا كىردىم. ئۇستام تولىمۇ كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل
ئادەمكەن. مۇشۇ دۇكانلارنى سايمانلار بىلەن قوشۇپ ئايرىپ
بەردى. مانا بىر يېرىم يىلدىن بېرى ياماقچىلىق قىلىپ
ئائىلەمنى بېقىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇكىلىرىم خاتىرجەم
ئوقۇۋاتىدۇ. ئاناممۇ ھەر ھالدا ساقىيىپ قالدى. ئىش كەلمىگەندە
كىتاب ئوقۇشنى، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى بىر مىنۇتمۇ تاشلاپ
قويمىدىم. تېخى بىرقانچە پارچە ماقالە يېزىپ ئەۋەتكەندىم. «مەن
مېيىپ ئەمەس» دېگەن ماقالەم بىلەن «ئارزۇيىمغا يېتىمەن»
دېگەن ماقالەم ئېلان قىلىندى. كومپيۇتېردا مەشغۇلات
قىلالايدىغان بولدۇم. ھازىرغىچە 60پارچىدىن ئارتۇق كىتاب
سېتىۋالدىم ۋە ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدۇم. كەلگۈسىدە چوقۇم
يازغۇچى بولىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ ماقالىسىنى ماڭا
كۆرسەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى
جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. خىيالىمدا بولسا ئوقۇشنىڭ قەدرىگە
يەتمەي، بىكار لەيلەۋاتقان بىر قىسىم بالىلار تورخانىلاردا
تۈنەيتتى، بۇلۇڭ، پۇچقاقلاردا تاماكا چېكىشىپ، تۇماندەك

لەيلىشەتتى. شۇڭىمىكىن، ياماقچى بالىغا ھەۋىسىم كەلدى. قەلبىمدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئىستىكى قوزغالدى. شۇڭا:

— ئۇكام، ياخشى بالا بولۇپسەن. تونۇشۇۋالايلى، — دېدىم - دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — ئىسمىم بەگزاد. شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرىدا تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى. ئۆيۈم مەكتەپ ئىچىدە. مەنمۇ ئانچە - مۇنچە يېزىپ قويىمەن. يازغانلىرىڭنى ئېلىپ بار. ساڭا ياردەمدە بولىمەن. بىلگىنىكى، بەل قويۇۋەتمىسەڭلا چوقۇم يازغۇچى بولالايسەن، — دېدىم - دە، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيۈمگە قاراپ يول ئالدىم. بۇ چاغدا قۇياش ئاللىقاچان غەربكە قىيسايغان بولۇپ، خىيالىمدا ياماقچى بالا بىلەن مەكتەپتىكى بىر قىسىم تۇتۇرۇقسىز بالىلار قەدەملىرىمگە ئەگىشىپ، مەن بىلەن بىللە كېتىپ باراتتى.



# تايچاق بىلەن تەخەي

(چۆچەك)

ئۇنمىگەن چىغ تۇۋىدىن توشقان قاچقان، تۇخۇمدىن چىقمىغان چۈجىنى ئۆردەك باققان، تېكىنى كۇندە ئۇچ ۋاق ساغقان زامانلاردا تايچاق بىلەن تەخەي بىر سىنىپتا ئوقۇيدىكەن. تايچاق مەكتەپتىن بىر سائەتمۇ قالمايدىكەن ۋە دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىكەن. ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ بىر دەرەختىكى ياپراقتەك ئېجىل - ئىناق، بۇغداي - قوناق بولۇپ ياخشى ئۆتىدىكەن. تەخەي ئەتىگىنى قوپماي چۈشكىچە ياتىدىكەن، پۇرسەت بولسىلا دەرستىن قاچىدىكەن. جېدەل - ماجىرا دېسە گويا دۇلدۇلدەك چاپىدىكەن. شۇڭىمۇ تايچاق بۇغداي بىلەن سامانى، ياخشى بىلەن يامانى بىلىدىكەن. تەخەينىڭ ساۋاتى تولۇق چىقمىغاچقا بادرىنى چوماق، تەلپەكنى تۇماق دەيدىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئانا ئېشەك ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدىن دائىم غەم يەيدىكەن ۋە ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ياشلىق دېگەن ئىنسانغا،
پەقەت بىر رەت كېلىدۇ.

بالىلىقتا ئۈگەنگەن،
كەلگۈسىدە كۆلىدۇ.

«تىرىشقانلار تاغ ئاشار»
دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىن.
دوستۇڭ تايدىن ئۈگىنىپ،
يامان يولغا ماڭمىغىن!

— دەيدىكەن. تەخەي ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى قېتىغىمۇ ئالمايدىكەن، ھە دېسىلا يۇقىرى يىلىلىقتىكى تۈلكە، قاۋان، يولۋاس، قاپلانلار بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ، تاماكىنى دەمدەك تارتىشىپ يۈرىدىكەن.

باھار كېلىپ ھاۋا ئىلىلىغان، خورازنىڭ ئورنىدا مېكىيان چىللىغان بىر ئەتىگىنى بۇغا مۇئەللىم ئانا ئېشەكنى ئىزدەپ كەپتۇ ۋە تەخەينىڭ سىنىپ كۆچەلمىگەنلىكىنى، دائىم پىۋا ئىچىپ، بالىلار بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىدىغانلىقىنى دەپتۇ. ئانا ئېشەك بۇنى ئاڭلاپ، ئەلەمدىن يەرگە چۈشكەن تاۋۇزدەك يېرىلىپتۇ. تەخەي خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىچە غازدەك كېرىلىپ كېتىپتۇ. كەچتە ئانىسى تەخەينى يېنىغا چاقىرىپ:

— جېنىم بالام، داداڭ يوق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن سېنى ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم



بولسىكەن، دەپ بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق سەن ئۆگىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئويناپ، ئىچىپ جېدەل - ماجىرا كوچىسىدا نام قازىنىپسەن. بىلگىن بالام، «روھى غالىب كىشى غاپىلدۇر، نادانلار — جاھىلدۇر» ئۆزۈڭ ئۇچۇن بولسىمۇ ياخشى ئادەم بول! مەن ساڭا بىر ئۆمۈر باقىي ئەمەس. يامان كۈنلەر بولۇپ قالسا...

— تولا كوتۇلدىما! — دەپ ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ تەخەي، — سەن بىلگەننى كىم بىلمەيدۇ؟ سەن: «ياخشىغا كۈن يوق» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ھە دېسىلا تايچاقنى «ئەدەپلىك، قائىدىلىك، تىرىشچان» دەيسەن. ئۇنداق بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ يا مەكتەپتە يۈرەكلىك تىنالمىسا، شۇمۇ كۈنمۇ؟ بىزدە: «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەن گەپ بارغۇ؟ — دەپ ئانىسىنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپتۇ. ئانا شۇ تاپتا يۈرىكىگە «غاچچىدە» پىچاق يېگەندەك بولۇپتۇ ۋە: «ئاھ، خۇدا، مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم؟ نېمىشقا مېنى بۇنچە قىينايدىغانسەن؟ ئۆمۈ باشقىلارنىڭ بالىلىرىدەك ياخشى ئوقۇسا بولمامدىغاندۇ؟» دەپ زار - زار قاقشاپتۇ. تەخەينىڭ غېمىدە بىر كىچە كىرپىك قاقماپتۇ. ئەتىسى تايچاقنى تېپىپ، تەخەيگە نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تايچاق تەخەينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە:

— جېنىم دوستۇم تەخەي، جاھىللىق قىلماي ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياخشى ئوقۇ! بىزدە: « بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى تاش» دېگەن گەپ بار. ئاڭلىسام ئاناڭنى زار - زار

قاقشتىپسەن. كونىلار: «ئانا رازى، خۇدا رازى» دەپتىكەن. ئاتا – ئانا، ئەل – يۇرتنىڭ دۇئاسىنى ئالغان، ياخشى ئىشنىڭ ئۆيىدە چىراغتەك يانغان كىشىلەر بەختلىك بولالايدۇ. ئەكسىچە... – دېيىشكىلا تەخەي ئۇنىڭ گېپىنى چۆپ ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلاپتۇ ۋە:

– ئەكسىچە نېمە؟ گەپ قىلماي تۇرۇپ بەرسەم ئەجەب نەسىھەت قىلىپ كەتتىڭغۇ، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ؟ بىلىپ قوي، سەندەك ياشىغۇچە ئۆلگەن تۈزۈك.

– بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

– ھېچنېمە دېگىنىم. بېرىپ ئىشىڭنى قىل! – ئۇ شۇنداق دەپلا، نەلەرگىدۇ كېتىپ قاپتۇ ۋە يىل ئۆرۈلۈپ ياز بولماي، پاقا ئۇچۇپ غاز بولماي مەكتەپتىن قېچىپتۇ. كېيىن ناسۋالغا ئۆگىنىپ قېلىپ، كۈندىن – كۈنگە ھورۇنلىشىپ كېتىپتۇ. ئانىسى يەنە تەربىيە بەرسە:

ئۆگىنەمدىم، ئوينامدىم،
نېمە كارىڭ سېنىڭكى؟
قانداق قىلىش – قىلماسلىق،
ئىختىيارىم مېنىڭكى.

دەپ، ئانىسىنى سىلكىشلەپتۇ.

ۋاقىت ئۆتۈپ تۆگە ئۇچقان، تاشپاقا ئۆملەپ كېيىك تۇتقان



كۈنلەردە تەخەي ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يامان كۈنگە قاپتۇ. كېيىن تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، بىرەر ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلالماپتۇ. يامان بولغىنى ناسۋال چېكىشنى تاشلىيالماي، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىيالماي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپلا كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ قانچە ئىشلىسىمۇ، تىل – ھاقارەت، تاياقتىن، خوخا بىلەن شاپاقتىن قۇتۇلالماپتۇ. تايچاق ئانىسىنىڭ دۇئاسىدىن غايەت زور دەرەختەك باراقسانلاپ، ئەلگە مېۋە بېرىپتۇ ۋە بەخت دالاسىدا شاد كۈلۈپتۇ.

پېرىخوننىڭ دېيىشىدىن، دانىشمەننىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئېشەكنىڭ ئېغىزىنى تەتۈر ئۆرۈشى ناس خۇمارىنىڭ تۇتقانلىقىنى بىلدۈرسە، بىر – بىرىنى كۆرۈپ ھاڭرىشى ياشلىقىنى بەھۇدە ئۆتكۈزگىنىگە بولغان ئۆكۈنۈشىنى بىلدۈرىدىكەن. ئاتىنىڭ ئارىلاپ – ئارىلاپ كۈلۈشى بەختكە بولغان مەمنۇنلۇقىنى چۈشەندۈرىدىكەن.

بۇ ئىش ئۆتۈپ كۆز بولماي، جاڭگال يولى تۈز بولماي كىشىلەر ئارىسىدا «ئاتا – ئانا دۇئاسى، ئوتقا – سۇغا پاتۇرماس» دېگەن ماقال كەڭ تارقىلىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مايمۇنچاقنىڭ شجائىتى

(چۆچەك)

يالغانچىنىڭ يۈزىدە قان، ئوغرىنىڭ پۇت - قولىدا جان، ھۇرۇننىڭ ئۆيىدە نان قالمىغان بىر زامانلاردا بىر توپ مايمۇن قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بىر ئۆڭكۈردە ياشايدىكەن.

بۇ مايمۇنلار يىغىلىق يارىتىشقا شۇ قەدەر ھېرىسمەن ئىكەنكى، چوڭدىن - كىچىككىچە، تۇشۇكتىن - بۆشۈككىچە بىر - بىرىنىڭ گېپىگە ئۇناپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىجاد، ئىختىرا قىلىدىكەن. شۇڭىمۇ ئۆڭكۈردە چىراغ ياندۇرۇپ، توك بىلەن تۈگمەننى ماڭدۇرۇپ كۈنلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئۆڭكۈرنىڭ ئارقىسىدىكى تىك يارلىققا جايلاشقان قىنى كەڭ دەرياغا كۆۋرۈك سالالماي ۋە ئۇقاتتىكى قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بارالماي كۆڭلى خۇددى يىدىغان تۇخۇمنى ئىچىپ سالغان ئادەمدەك تولىمۇ غەش ئىكەن. چوڭلار بىر يەرگە يىغىلىشسىلا تەبىئىي ھالدا:



«ئەقلىمىزمۇ يەتمەدى،
كۆۋرۈك سېلىشقا.
قانداق چارە بار ئىكەن،
ئەمدى بۇ ئىشقا؟»

دېيىشىپ، بىر - بىرىگە ھەسرەتلىك قارىشىدىكەن.

دېھقان كاۋا تېرىپ باراڭ بولغان، يەنە كۆۋرۈك توغرىسىدا پاراڭ بولغان بىر كەچلىكى بىر مايمۇنچاق بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ ئەلگە باققان، سۆز - ھەرىكىتى چاققان، زېرەك بولۇپ، چوڭلار قىلالمىغان بۇ ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق قىلىشنى ئويلاپتۇ ۋە چوڭلارغا:

ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار،
كۆۋرۈكنى سالاي!
شادلانساڭلار تۇغقانلار،
ناغرىنى چالاي!

دەپتۇ. چوڭلار:

— بالام، ھىممەت - شىجائىتىڭگە، كۈچ - غەيرىتىڭگە بارىكاللا. بىراق بىز نەچچە ئەۋلاد بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولساقمۇ، نەتىجىسىنى چىقىرالماي، نەچچە يۈز قېرىنداشىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمدى سىلەردىن ئايرىلىپ

قالغۇمىز يوق، — دېيىشىپتۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ.

— ماقۇل ئىشىنىڭلار، — دەپتۇ مايمۇنچاق ئىشەنچ بىلەن، — كۆۋرۈكنى بىر ئايدىلا پۈتكۈزىمەن.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ مايمۇننىڭ دادىسى، — سەن بىزنىڭ جان پارىمىز. ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئاناڭ بىلەن مەن... — ئۇ كۆز يېشى قىلىپتۇ. باشقا مايمۇنلار:

پو ئاتمىغىن مايمۇنچاق،<br>
سالالمايسەن كۆۋرۈكنى.<br>
چۈشۈپ كەتسەڭ دەرياغا،<br>
ئالالمايمىز ئۆلۈكنى.

دېيىشىپ، ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ. مايمۇنچاق:

سالىمەنۇ سالىمەن،<br>
ئىرادىلىك بالىمەن.<br>
بىر ئايدىلا پۈتكۈزۈپ،<br>
كۆڭلۈڭلارنى ئالىمەن.

دەپتۇ ۋە گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. چوڭلار بىردەك قوشۇلماپتۇ. مايمۇنچاق شۇ كۈندىن باشلاپ، ھەرقانداق زورۇرىيەتنى تاشلاپ خۇپىيانە ھالدا تەتقىقاتقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال



دەرەخلەردىن نۇرغۇن يىلىم تېپىپ كېلىپتۇ. ئاندىن يىلىملارنى بىر - بىرىگە قېتىپ، سەھەر قوپۇپ كەچ يېتىپ ئۆزئارا كىرىشتۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇنى يەملەپ، بۇنى سوكۇپ؛ دەم ئالماي، باش چوكۇرۇپ... دېگەندەك بەش كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە يەملىنىش كۈچى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان «چاپلاشقاق» ماركىلىق يىلىمنى كەشىپ قىپتۇ.

ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە ئورمانلىق ئىچىدىكى «يىلان قىز» دېگەن ئورماننىڭ مەجنۇنتالدەك تارام - تارام چاچلىرىدىن كېسىپ ئەكىلىپ، بىر - بىرىنى «چاپلاشقاق» ماركىلىق يىلىم بىلەن ئۇلاپتۇ. ئۇنى ئېشىپ تارتىپ... دېگەندەك ھۈنەر ئىشلىتىپ، ئارغامچا ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ ۋە مەزمۇت بولغان - بولمىغانلىقىنى سىناپتۇ. ئەمدىكى گەپ ئارغامچىنى قانداق قىلىپ، ئۇقاتتىن بۇقاتقا تارتىش ۋە كۆۋرۈك ھالىتىگە كەلتۈرۈشتە قاپتۇ.

ئۇ ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ. ئەمما بۇنىڭ ئامالىنى زادىلا قىلالماپتۇ. كۆڭلىدىكى ۋاقىت ئاز قالغانسېرى تىت - تىتلىقتىن بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ ۋە قوماق تازدەك بېشىنى قاشلاپتۇ. كۆڭلىدە:

«نان ياقالماس ناۋايمەن،<br>
كارغا كەلمەس سارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەدەم ئىشقا ئاشمىسا،
ئەلگە قانداق قارايمەن؟»

دەپ ئويلاپ، پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماپتۇ ياكى يۇرتنى تاشلاپ قاچالماپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى دەريا بويىدا بېشى قېتىپ ياتسا، يېنىغا يېڭى ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك چىرايلىق بىر قىز شىپپىدە پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن:

ئەي مايمۇنچاق، مايمۇنچاق،
قانداق غەمگە پاتتىڭسەن؟
ئىشلىمەيلا بۇ يەردە،
بىكاردىنلا ياتتىڭسەن؟

دەپتۇ ھەيرانلىق بىلەن. مايمۇنچاق:

— قانداق غەم بولاتتى؟ ئەلنىڭ غېمى، — دەپتۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ۋە بولغان ئەھۋالنى قىسقىچىلا بايان قىلىپتۇ. قىز ئۇنىڭ ئارمان بىلەن سۆزلىشىدىن، ئەل - يۇرتقا بولغان ئوتتەك كۆيۈنۈشىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە بىرتال سالغا تېشىنى بېرىپتۇ. مايمۇنچاق قىزنىڭ دېگىنى بويىچە ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تاشنىڭ تۆشۈكىگە ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە:



«ئەلگە كۆيگەن ئەل بولۇر،
ئەلنىڭ ئىشى ھەل بولۇر.
ئەل سۆيگەننىڭ بىلسەڭلار،
ھەممە ئىشى تەل بولۇر.»

دېگەن شېئىرنى يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارغامچا تاشقا ئەگىشىپ، مايمۇنچاقنىڭ قولىدىن ئاستا - ئاستا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇۋاقات، بۇقاتتىكى قورام تاشلارغا خۇددى يىلاندەك يۆگىشىپ دەريا ئۈستىدىن بىر يول ھاسىل قىلىپتۇ. مايمۇنچاق قىزغا قاراپتۇ. قىز كىرپىكىدىن بىر نەچچە تال ئېلىپ، شۇنداقلا پۇۋلىگەن ئىكەن، ئۇ ئارغامچىنىڭ ئاستى، يان قىسمىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، مۇكەممەل كۆۋرۈك ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. مايمۇنچاق:

— رەھمەت سىزگە، — دەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپتۇ. قىز: «ئەل ئۇچۇن ئەر بول، بولمىسا يەر بول» دېگەن گەپ بار. سىز «ئەر» بولۇپسىز. سىزنى تەربىيەلىگەن ئاتا - ئانىڭىزغا تەشەككۇر، — دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

مايمۇنچاق شۇنداق قىلىپ كۆۋرۈكنى پۈتكۈزۈپتۇ ۋە خۇش خەۋەرنى كۆپچىلىككە يەتكۈزۈپتۇ. مايمۇنلار بەھەيۋەت كۆۋرۈكنى كۆرۈپ، شادلىقى ئاسمان - پەلەككە يېتىپتۇ. كۆۋرۈكتىن ساق - سالامەت ئۆتۈپتۇ ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭغۇزنى» دېگەن ماقال كەڭ تارقىلىپتۇ.

# خىيالپەرەس پاقا

(چۆچەك)

ئېشەك پەغەزگە قونغان، بۇرگە بۆرىنىڭ جىنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغان بىر زامانلاردا قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا كەڭرى كەتكەن بىر سازلىق بولغانىكەن. بۇ يەردە نەچچە مىڭلىغان پاقىلار ئوقۇشنى ئوقۇپ، ئوقۇيالمىغانلىرى كەشتە توقۇپ كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «هال نەزەر» ئىسىملىك تولىمۇ خىيالپەرەس بىر پاقا بار ئىكەن. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇماي يا كەشتىنى ئوبدان توقۇماي، ئۆزىچە قەدەم ئالماي ئۇچۇشنى، ئەجىر قىلماي زەپەر قۇچۇشنى ئويلايدىكەن. شۇڭا كىچە - كۈندۈز:

بويلىسامۇ، بويلىسام،
ئېرىق، ئۆستەڭ بويلىسام.
ئىشلىمەيمۇ پۇل تېپىپ،
رېستوراندا ئوينىسام.



ئاداشلىرىم ۋاي دېسە،
كۆرگەن يەردە باي دېسە،
گويا شاھتەك كېرىلىپ،
رېستوراندا ئوينىسام.

دەپ خام خىياللارنى سۈرىدىكەن. مەكتەپ ھەر قېتىم ئىمتىھان ئالسا ئۆتەلمەيدىكەن. ئاتا - ئانىسى كەلگۈسىدىكى ئارزۇسىنى سورىسا، «كاتتا يازغۇچى بولۇپ، ‹پاقىنىڭ ئالەمنى مالەم قىلىشى›، دېگەن ئوتتۇز بابلىق، تۆمۈر قاپلىق، تىلى تاتلىق رومانىم بىلەن ‹ئاسمانغا ئۇچقان پاقا، شەرەپ گۈلىنى تاقا› دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتىمنى پۈتكۈزۈپ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئالغۇممۇ بار. لېكىن شۇ جاپاسى بەك تولا. شۇڭا تەتقىقاتچى بولۇپ، پاقىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى 200 ياشقا ئاپىرىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ‹كۆزىنى ئالا - چەكمەن، كۈشەندىلىرىمنىڭ يۈرىكىنى دەردمەن› قىلىۋېتەيمىكىن دېگەندەك - پىسى پاس، پاس، پۈتى باسماس› گەپلەرنى قىلىدىكەن. لېكىن بىرەر ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەيدىكەن. ئاتا - ئانىسى ھال نەزەرنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىسىلا ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك مىژىلداپ، يۈرىكى قورۇغان گۆشتەك پىژىلداپ كېتىدىكەن ۋە: «بالام، خىيال شېئىردەك گۈزەل. ئەمما شېئىرنى چۈشىنىش، يېزىش شۇنچە قىيىن بولغىنىدەك، خىيالنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. شۇڭا كەلگۈسىدە ئارزۇيىمغا يېتەي دېسەڭ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىڭ كېرەك. بولمىسا خىياللىرىڭ بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىدىكەن. ئەمما ئۇ خىياللار قايىنىمىدا بېلىقتەك ئۈزۈپ، ئارتۇق گەپ قىلسا قاپاقنى تۈرۈپ، ئۇخلىماي چۈشنى كۆرۈۋېرىدىكەن.

بىر كۈنى ھال نەزەر ساۋاقداشلىرىنى بىر ۋاق تاماققا چاقىرىپتۇ ۋە تاماق ئارىلىقىدا:

— ئاغىنىلەر، ھازىر ھەممىدىن نېمە مۇھىم، بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ساۋاقداشلىرى دېيىشىپ قويغاندەكلا:

— ئوقۇش، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ياق، پۇل ھەممىدىن مۇھىم. نېمىشقا دېسەڭلار، ھازىر «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ.» شۇڭا «ھال نەزەر مۇزىكا ئەترىتى» قۇرۇشنى ئويلاپ قالدىم. نېمىشقا دېسەڭلار بىزنىڭ ئاۋازىمىز كارامەت ياڭراق. بىز مۇقامغىمۇ، زامانىۋى ناخشىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، بىر ئېيتساق تاڭ ئاتسىمۇ توختىمايدىغان، سۆزى چاقچاق، ئۆزى پاخپاق بىر سىمفونىيە ئىجاد قىلىپ ئورۇندىساق، پۇل دېگەن تۆشۈكتىن شىرت، شىرت كىرسە، خەقلەر بىزگە قاراپ: «پاھ، پاھ، پاھ، ۋاھ، ۋاھ...» دەپ لېۋىنى چىكىلدىتىپ كەتسە دەيمەن. شۇڭا سىلەرنى ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، مەن بىلەن ھەمكارلىشىدۇ دېگەن



ئۈمىدتە بۇ مەخپىي مەسلىھەتىمنى دەۋاتىمەن. قانداق؟ — دەپتۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن. دوستلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ ۋە:

ئەڭ ياخشىسى، جان ئاداش،
بېرىلمىگىن خىيالغا.
چالالمىساڭ ئەگەردە،
ئېسىلمىغىن رويالغا.

دەپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپتۇ. لېكىن «ھال نەزەر» دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئىلىك ئالماپتۇ. ئۆزىچە دوستلىرىدىن ماي تاتىپ، بايۋەچچىدەك ھال تارتىپ:

— ھىم، كۆرۈپ تۇرۇش. پۇل دېگەننى غازاڭدەك تېپىپ، «بۇرنۇڭنى مىرتاق، كۆزۈڭنى جىرتاق» قىلىۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپ، ئاشخانىدىن كۆككۈيۈن چاققان بايتالدەك چىچاڭشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

سائەت چىكىلداپ، قۇرت، قوڭغۇز مىتىلداپ... دېگەندەك بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ. «ھال نەزەر» ئىسىملىك پاقا دوستلىرىدەك ئالىي مەكتەپكە بارالماپتۇ ياكى بولمىسا مۇزىكا ئەترىتىنى قۇرالماپتۇ. خىجىلچىلىقتا يۇرتتىمۇ تۇرالماپتۇ. بۇنى بىلگەن پاقىلار ئۇنى كۆرسىلا:

خىيال سۈرگەن ھال نەزەر،
ئويناپ يۈرگەن ھال نەزەر.

ئارزۇيۇڭ بار، ئارمان يوق،
قۇرۇق سۆلەت، گال نەزەر.

دەپ، قوشاق قاتىدىغان بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا: «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەن ماقال كەڭ تارقىلىپتۇ.



## گالۋاڭ تەخەي

(چۆچەك)

بىر توپ توخۇ يەر تېرىغان، باچكا ئۇچماي قېرىغان زامانلاردا بىر ئېشەك تەخيى بىلەن تىنچ بىر پارچە ئوتلاقنى ماكان تۇتۇپ، بالدۇر يېتىپ، سەھەر قوپۇپ خاتىرجەم ياشايدىكەن.

گەرچە ئوتلاقتا يېمەك ـ ئىچمەكتىن غېمى يوق، كۆڭلى توق يۇرسىمۇ، تەخەينىڭ چاپقۇسى، يىراقتىن ئاداش تاپقۇسى كېلىپ تۇرالماي قېلىپتۇ ۋە ئانىسىغا:

ئۇچقۇر ئاتتەك چېپىپ مەن،
يىراقلارنى كۆرگۈم بار.
بۇ هاياتنىڭ پەيزىنى،
بىرەر قېتىم سۈرگۈم بار.

دەپتۇ. ئانىسى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

چوڭىمىدىڭ سەن تېخى ،
قوغدالمايسەن ئۆزۈڭنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىراقلارغا بارمىغىن!
ئاڭلا بالام سۆزۈمنى.

دەپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپتۇ. تەخەي يا ئاق دېمەپتۇ. يا ياق دېمەپتۇ. ئانىسىغا قىيىداپ كەچ كىرگۈچە ھېچنېمە يېمەپتۇ. ئۇ قېچىشنى ئويلاپ، كېچە تەڭدە دەريانى بويلاپ، ئېغىلدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھارمىسا چېپىپ، ھارسا يېتىپ دېگەندەك يول يۈرۈپ،يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا ئاسمان ۋارقىراپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ. تەخەي گۈلدۈر - قاراس ئاۋازلاردىن قورقۇپ، تامدەك ئۆڭۈپ كېتىپتۇ ۋە سوغۇق دەستىدىن تۇڭۇپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قىزىپ پوكان بولۇپ، پۇت - قولىدا ماغدۇر يوق زۇكام بولۇپ قېلىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئۆچكە ساقال قىر - ئېتىزنى بويلاپ، دوختۇرلۇقتا نام قازىنىشنى ئويلاپ، جاڭگالمۇ داڭگال، ئوتلاقمۇ پوتلاق كېسەل ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانىكەن. دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تەخەي ئاشقا سالغان چامغۇردەك ئېزىلىپ، سۆز قىلالماي قىينىلىپ تۇرۇپ:

ئىھا...ئىھا...ئىھا...ھا،
زۇكام بولۇپ قالدىم مەن.
دوراڭ بارمۇ ئۆچكىجان،
قارا بەكمۇ ھاردىمەن،— دەپتۇ. ئۆچكە ھېچنېمە



بىلمىسىمۇ، تەخەينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئۆزىچە قايغۇرۇپ، ئاھ ئۇرۇپ:

— گۈلخاندەك قىزىپ كېتىپسەن. مەن ساڭا قومۇش يىلتىزى بىلەن چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن بېرەي، ۋاقتىدا يېگىن دەپ، — بىر خالتا يىلتىز بېرىپتۇ. تەخەي يېگەنىكەن، راستتىنلا ساقىيىپ كېتىپتۇ ۋە خۇشاللىقىدا بولۇشىغىچە چېپىپتۇ. ئۆچكىنى قوي،كالىلارغا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاغرىق - سىلاق، توكۇر - چولاق جان - جانىۋارلار ئۆچكىگە كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ بۇيرۇغان دورىلارنى يەپتۇ. بىر قىسمى ساقايسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تەخەي بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئۇچرىغاننى يەپ، نەپسىنى يىغماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تەخەينىڭ قۇلىقى غوڭۇلداپ ئاغرىپ، چىدالماي قاپتۇ. ئۇ ئانىسىنى سېغىنىپ، يۇم - يۇم يىغلاپتۇ. ئاغرىققا چىدىماي ئۆچكىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئۆچكە:

— لازا، خوخا چايىنىساڭ بىردەمدىلا ساقىيىپ كېتىسەن، — دەپتۇ. تەخەي ئۆچكىنىڭ دېگىنىنى قىلغانىكەن، قۇلىقى تېخىمۇ ئاغرىپ يىرىڭ ئېقىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۆچكە بەدەر قېچىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ تەخەينىڭ قۇلىقىغا زەرەر يېتىپتۇ ۋە قۇلىقى بىرئاز ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا تەخەي قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، بار ئاۋازدا نالە - زار قىلىپ:

ئىھا...ئىھا...خالايىق،
مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار!
ئاتا - ئانا سۆزىنى،

گويا تۇمار بىلىڭلار، — دەپ بار ئاۋازدا ھاڭراپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئېشەكنىڭ قۇلىقى گەپ ئاڭلىماي، شۇڭا دائىم تاياق يەيدىكەن ۋە قۇلىقىنىڭ ئاغرىقىدا ھېچكىمنى تۇتقىلى قويمايدىكەن.



## سۇندۇك ھەققىدە رىۋايەت

(چۆچەك)

توشقان سۇدا ئۈزۈپ ئوينىغان، مۇز ئۈستىدە قازان ۋاراقشىپ قاينىغان ئاشۇ بىر زامانلاردا سۇندۇك، قۇشقاچ، بۇلبۇل، ھۆپۈپ، پاختەك، قارلىغاچ... قاتارلىق قۇشلار گۈزەل بىر ئورمانلىقتا بىللە ناخشا ئېيتىدىكەن. ئۇلار ئېيتقان ناخشا شۇنداق يېقىملىق ئىكەنكى، ئۇنى ئاڭلىغان جان - جانىۋارلار ھاياجانلىنىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىكەن.

چۈجە ئۆردەك غاز بولماي، باھار كېلىپ ياز بولماي ئۇلارنىڭ نامى جاي - جايغا تارايتۇ. ئېيتقان ھەر بىر ناخشىسى ھەممەيلەنگە ياراپتۇ. ياپراقلار مۇزىكا چالغان، قۇشلار دەم ئالغان بىر كۈنى مايمۇن پادىشاھلىقىدىن ئەلچى كەپتۇ. ئەلچى مايمۇن پادىشاھنىڭ:

يىراق كۆرمەي ئارىلىقنى،
يۇرتىمىزغا كەلسەڭلار.
ئىززەت بىلەن كۈتسەك بىز،
ناخشا ئېيتىپ بەرسەڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دېگەن ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. ئاندىن شاھ ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن داستىخانغا يېيىپتۇ. قۇشلار ئەلچى مايمۇننى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ۋە مايمۇن پادىشاھلىقىغا بېرىشقا ۋەدە قىلىپتۇ.

قوزا ـ قويلار تاقلاپ تۇرغان، مايمۇن خەلقى قۇشلارنىڭ كېلىشىنى تاقەت بىلەن ساقلاپ تۇرغان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. كەچ بولغاندا مەنزىلگە چۈشۈپتۇ. مايمۇن پادىشاھلىقى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ ۋە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئويۇن باشلىنىپتۇ. سەھنىگە ئاۋۋال رىياسەتچى قىز سۇندۇك چىقىپتۇ ۋە:

سالام سىزگە مايمۇنلار،
تىنچ ـ ئامانمۇ كۈنۈڭلار؟
ناخشىمىزنى باشلايمىز،
ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈڭلار.

دەپ، ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپتۇ ۋە داڭلىق ناخشىچى بۇلبۇلنى سەھنىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇلبۇل ۋەتەن ھەققىدىكى:

«ۋەتەن دېگەن جېنىمىز،
ئۇنىڭ سۈيى قېنىمىز.



گۈل ـ گىياھى، ھاۋاسى،
بىزنىڭ گۈزەل بېغىمىز...»

دېگەن ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، مايمۇن ئەھلىنى تاڭ قالدۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم قۇشقاچ سەھنىگە چىقىپتۇ ۋە:

«چۇچۇر ـ چۇچۇر قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
ئىتتىپاقلىق بولمىسا،
بەخت مەڭگۈ كەلمەيدۇ.»

دېگەن ناخشىسى بىلەن قىزغىن ئالقىشلىنىپتۇ. نۆۋەت رىياسەتچى قىز سۇندۇكقا كەپتۇ. ئۇ:

«ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچسام مەن،
يۇلتۇزلارنى تۇتسام مەن،
ياخشى ئىشنى كۆپ قىلىپ،
ئەل كۆڭلىنى ئۇتسام مەن.»

دېگەن ناخشىنى شۇنداق لىرىك ئوقۇپتىكەنكى، ئاڭلىغانلار ئۆزلىرىنى خۇددى كۆكتە ئۈزۈۋاتقان بۇلۇتلاردەك ھېس قىلىشىپتۇ ۋە سۇندۇك باشچىلىقىدىكى قۇشلارغا بەخت ـ ئامەت تىلىشىپتۇ.

ئۇلار قايتىپ كەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سوندۇك قاغىنىڭ سەت ئاۋازى بىلەن قۇرت، قوڭغۇزلارنى ئالداپ، كۆپلەپ پۇل تاپقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ راھەت - پاراغەتتە ئۆتكىنىنى كۆرۈپ، ھەسەت ئوتىدا يالاندەك تولغىنىپ، قىلدەك پۇچىلىنىپتۇ ۋە پۇل تېپىش يولىغا كىرىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى چىچىنى چىرايلىق تاراپ، قۇشلارغا ئۇمىد بىلەن قاراپ:

— قېرىنداشلار، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىكارغا ئويۇن قويۇپ، يۈز تاپتۇق. لېكىن پۇل تاپمىدۇق. بىزگىمۇ پۇل بولمىسا بولمايدۇ. كونىلار: «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، شۇڭا بىزمۇ بۇندىن كېيىن...

— دېگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق، بىراق، ھەممىمىز پۇللا دېسەك، جاھان نېمە بولۇپ كېتەر، بىزنىڭ رىزقىمىز نېمىشقا كەڭ؟ دەل ياڭراق ئاۋازىمىز بىلەن گۈزەللىكنى كۈيلەپ، رەزىللىكنى قامچىلىغىنىمىز ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ بۇلبۇل سوندۇكنىڭ گېپىنى تۈگىمەستىنلا.

— ئەجدادلار يەنە: «پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ» دەپتىكەن. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا: «ياخشى ئىشنى كۆپ قىلىپ، ئەل قەلبىنى ئۇتسام مەن» دەپ ناخشا ئېيتقانتىڭىزغۇ، ئەمدى سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپتۇ قارلىغاچ سوندۇكقا قاراپ.

سوندۇك:

— ئۇ دېگەن ئۆتكەن چاغ، ئەمدى قۇرۇق ئېمىزگۈنى ئەمگۈم



يوق، — دەپتۇ كەسكىنلىك بىلەن.

— ئەجەبا جان - جانىۋارلارنىڭ بېشىغا ئالغۇدەك قىلىپ، شۇنچە ئىززەت قىلىشى ھېساب ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ پاختەك.

— پۇل تاپمەن دېدىممۇ، پۇل تاپمەن، قاغا جېنىدا بىزدىن ياخشى ياشاۋاتامدۇ؟ — دەپتۇ سوندۇك جاھىللىق بىلەن.

— لېكىن دوستۇم، بىزنى كىشىلەر قارغامدۇ، ئۆلۈمىمىزنى تىلەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. لېكىن قاغىنىچۇ؟ ئوبدان ئويلاپ باق! — دەپتۇ بۇلبۇل خورسىنغان ھالدا. سوندۇك ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گېپىنى يورغىلىتىپتۇ، باشقا قۇشلار: «بىر دېسەم تاق بولدى، شاپتۇل سالسام قاق بولدى» دەپ پىكرىنى قوزغىلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر پىكىرگە كېلەلمەپتۇ.

سوندۇك ئاخىرى:

— مەن بىلەن ناخشا ئېيتىپ، پۇل تاپىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار، — دەپتۇ مەغرۇرلۇق بىلەن. لېكىن ھېچكىم قول كۆتۈرمەپتۇ. بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان سوندۇك تامدەك تاتىرىپ، ھاكتەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن:

كۈندە ناغرا چالسەن،
نەگە دېسە بارسەن.
دېگىنىمگە كۆنمىسەڭ،
پۇشايماندا قالسەن

دېگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىپ قېلىپتۇ ۋە ئۇرۇق -

تۇغقانلىرىنى يىغىپ، «سۇندۇكچىلار ناخشا - مۇزىكا ئەترىتى»نى قۇرۇپتۇ. جاي - جايغا بېرىپ:

كۈندە چۈشتە بىر مەيدان،
ئېسىل نومۇر قويىمىز.
ئالدىراڭلار كۆرۈشكە،
ناخشا - سازنىڭ پىرى بىز.

دەپ ئېلان بېرىپتۇ. دەسلەپتە ئېلانچى سۇندۇك قىزىنىڭ نامى بىلەن جان - جانىۋارلار بەس - بەستە بېلەت سېتىۋېلىپ، ئويۇن كۆرۈپتۇ ۋە ئانچە - مۇنچە كۈلۈپتۇ. بارا - بارا بىرلا خىل نومۇردىن زېرىكىپ، ئۇلارنىڭ ساختا ئېلانلىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. سۇندۇكنىڭ پەتىسى، قىلمىغان ۋەدىسى قالماپتۇ. يەنىلا ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئويۇننى كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «سۇندۇكچىلار ناخشا - مۇزىكا ئەترىتى» ناخشا - ساز دەرياسىدا ئاقالماي يا جېنىنى باقالماي ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. ئېلانچى سۇندۇك يالغۇز قېلىپ، تالانتىنىمۇ جارى قىلدۇرالماپتۇ. كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، خىجىلچىلىقتا بۇلبۇل، قارلىغاچلار...نىڭ يېنىغا بارالماپتۇ. ھەسرەتلىنىپ يۈركىنى داغلاپتۇ.

جاھاننى تاسقاپ باققان، كۈھقاپنىڭ ئېغىزىدەك تونۇرغا



ناننى يېقىپ باققان، كۆزدە ياڭاق قېقىپ باققان، ئەل سۆيىدە ئېقىپ باققان دانىشمەنلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شۇ ئىشتىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىل كەڭ تارقىلىپتۇ.

# مۇتتەھەم قاغا

(چۆچەك)

گۈرۈچتىن دېرەك يوق سەۋزىسى دەم يەپ قالغان، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىدا ئېغىز كۆيۈپ قالغان بىر زامانلاردا قاغا ئىنتايىن مۇتتەھەم ئىكەن. ئۇ دائىم ھاڭگا تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇۋېلىپ، باشقا قۇشلارنى مازاق قىلىدىكەن. شۇڭىمۇ قۇشلار ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆچ ئىكەنكى،ئۇنى كۆرگەن ھامان چاشقان سۇدىن قاچقاندەك قاچىدىكەن. لېكىن ئۇ باشقا قۇشلارغا سۇۋۇنىپلا يۈرىدىكەن. ئەگەر بىرەر قۇش كەمتەر بولۇش، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە ئۆزىچە:

مەن مۆتىۋەر قاغىمەن،
گەپدانلىقنىڭ پىرىمەن.
غىدى - پىدىڭ قىلغاننىڭ،
جاجىسىنى بېرىمەن.

دەپ، كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن ۋە قۇشقاچ، سۇندۇك، ھۆپۈپ



دېگەندەك قۇشلارنى ئىشىغا بۇيرۇپ، ئۇنىمىسا چوقۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ بالىلىرى بىر - بىرىدىن ئۆتە كۆكەمە، مۇتتەھەم ئىكەن. ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ چاغلايدىكەن. ئاتا - ئانىسىنى :

ئاتا - ئانام دۇنيادا،
قۇش قوۋمىنىڭ گۈزىلى.
ياڭراپ تۇرار ھەر سەھەر،
ئۇنىڭ ياڭراق غەزىلى.

دەپ داملايدىكەن. ئۇلار بىر كۈنى ئۇۋىسىدا بىر - بىرىنى چوقۇلاپ ئويناۋاتقانىكەن. بىر قارچىغا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ئۇۋا قويغان تېرەككە قونۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغىنىڭ چوڭ ئوغلى:
— ھەي، تېگى پەس! تېرەكتە ئاناڭنىڭ نېمە ھەققى بار؟
ئەجەب بىزدىن سورىماي، بېشىمىزدا ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟ —
دەپ ۋارقىراپتۇ. قارچىغا: پوققا چالما ئاتساڭ، يۈزۈڭگە چاچرايدۇ، دېگەننى ئويلاپ، لام - جىم دېمەپتۇ. قاغىنىڭ ئىككىنچى قىزى چىرقىراق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تۇرۇپ:
— ھۇ ھارامدىن بولغان. ساڭا گەپ قىلىۋاتسا ئەجەب گاچىدەك تۇرىسىنا؟ خان ئاكا، خان ئاچىلىرىڭغا تىزلان! —
دەپ، ئۇنىڭغا ھەيۋە قىپتۇ. قارچىغا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەي، قارىمۇتۇق زەڭگىلەر، زۇۋانىڭنى يىغىش. بولمىسا ئاناڭنى موماڭغا، داداڭنى بوۋاڭغا كۆرسىتىپ، تۇغۇلغىنىڭغا داد دېگۈزۈۋېتىمەن، — دەپتۇ ئاچچىق بىلەن. قاغا باللىرى:

نەدىن كەلدىڭ ھارامىلىق؟
تىل ياندۇرساڭ داۋامىلىق،
بوش قويمايمىز بىز سېنى،
تاپالمايسەن ئارامىلىق.

— دەپ، تۇشمۇ تۇشتىن تىل - ھاقارەت ئوقلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇپتۇ. قارچىغىنىڭ سەۋر قاچىسى تولۇپتۇ. ئاچچىقىدا دەرەخكە بىرنەچچىنى مۇشتلاپ، تىرناقلىرىنى ئاردەك ئۆچلاپ، قاغا باللىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ ۋە ئۆلۈكىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇشلار قاغىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا يىغىلىشىپتۇ. پاختەك قاغىغا قاراپ:

— باللىرىڭىزنى قارچىغا ئۆلتۈرۈپتۇ، — دەپتۇ.

قاغا ئازابلانغان ھالدا سەت قاقىلداپتۇ ۋە قارچىغىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۆزى يەتمەي:

— ئەمدى بىلدىم، باللىرىمنى ئۆلتۈرگەن قارچىغا ئەمەس، بەلكى سەنلەر. مېنى قارچىغىغا چېقىشتۇرۇپ بارمىغان بولساڭلار، ئۇ بىكاردىن - بىكار باللىرىمنى ئۆلتۈرەرمىدى؟



ھىم، قاراپ تۇرۇش، قېنى قانداق ئىنتىقام ئالىدىكەنمەن، — دەپتۇ - دە، ئورمانلىقتىكى بىر قىسىم قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنى چوقۇلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. قالغان قۇشلار قاغىدىن جاق تويۇشۇپ، نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغا يالغۇز قاپتۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدا «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەن تەمسىل كەڭ تارقىلىپتۇ.

# ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك

(چۆچەك)

شەرۋانىخانىنىڭ ئوچىقىدا قازان قاينىغان، ۋاقىتنىڭ قوچىقىدا بەخت يامرىغان بىر زامانلاردا بىر توپ كىشىلەر تەكلىماكاننى ماكان ئەيلەپ، خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن. بىر كۈنى بىرقانچە ئوقۇغۇچى مەكتەپكە ئالدىراپ ماڭغانىكەن. تويۇقسىز:

— قۇتۇلدۇرۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بالىلار دېيىشىپ قويغاندەكلا، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپتۇ. ئۇ يەردە يوغان بىر چار پاقا قانغا مىلىنىپ ياتقانىكەن. بالىلار «ھۆ...» دېيىشىپ، پاقىدىن يىراقلاپتۇ. پەقەت ئەلچىن ئىسىملىك بىر بالا پاقىغا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قۇتقۇزۇۋال! ئۆيدە كىچىك بالىلىرىم بار، — دەپ يېلىنىپتۇ پاقا. ئەلچىن بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن: دەرستىن پاقىنى قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە پاقىنى ھايۋانات دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپتۇ.



تىيىن دوختۇر ئۇنى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىپتۇ ۋە ئەلچىنگە قاراپ:

— ۋاقتىدا ئەكىلىپسىز، قۇتقۇزۇپ قېلىندى. سىزگە جان - جانىۋارلار نامىدىن كۆپتىن - كۆپ رەھمەت! — دەپتۇ ھاياجان بىلەن.

ۋاقىت ئېقىن سۇدەك تېزلا ئۆتۈپتۇ. سېستىرا ئاغمىخانىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن پاقا بىر ئايغا قالمايلا دوختۇرخانىدىن چىقىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئەلچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە:

— ئاق كۆڭۈل بالىكەنسىز. كونىلار: «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دەپتىكەن. سىزگە جاۋاب قايتۇرمىسام بولمايدۇ. نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەلچىنىڭ شۇ كۈنلەردە «ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك»تىن بىرنى ئىجاد قىلىپ، مەكتەپ ۋە مەھەللىلەرنى پاكىز تازىلاپ، مۇھىتنى ياخشىلاشنى خام خىيال قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىكەن. شۇڭا ئويىنى يوشۇرمايلا:

— مۇمكىن بولسا «ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك»تىن بولغان بولسا، — دەپتۇ. چار پاقا پوكىنىنى لىكىلدىتىپ، پۇتلىرىنى دىكىلدىتىپ تۇرۇپ:

پىستە كۈچۈكۈم،
زېمىنگە كەلگىن.
ئەلنى رازى قىپ،
ئەخلەتنى تەرگىن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— دەپ بىر پۇدەپتىكەن، ئېغىزىدىن راست دېگەندەكلا قوڭۇر رەڭ بىر پىستە كۈچۈك چۈشۈپتۇ. ئەلچىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىپتۇ ۋە:

— بۇ كۈچۈك راستلا ئەخلەت يەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ چار پاقا، — بۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىكىدەك ئەخلەت يەيدىغان ئالاھىدە كۈچۈك. كۈندە ئەتىگەندە سىز بىلەن تەڭ ئويغىنىدۇ. نەگە بارسىڭىز شۇ جايغا بارىدۇ. بېشىنى سىلاپ قويسىڭىزلا ئەخلەت يەيدۇ، — ئەلچىن ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، كۈچۈكنىڭ بېشىنى مۇنداقلا سىلىغان ئىكەن، بىردەمدىلا ئەتراپىدىكى ئەخلەتلەرنى يەۋېتىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن قالتىس، — دەپتۇ ئەلچىن، — ئەمدى مەھەللە، مەكتەپلەر پاك - پاكىز بولىدىغان بولدى.

— يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، — دەپتۇ پاقا، — ئەگەر «بەر» دېسىڭىزلا قورسىقىدىن ئۆچۈرگۈچ، دەپتەر، قەلەم ... دېگەندەك ئوقۇش قوراللارنى چىقىرالايدۇ.

— راستما؟

— قېرىغاندا سىزنى ئالداپ نېمە قىلاي؟

— ئۇ نەرسىلەر تۈگەپ قالمامدۇ؟

— توغرا يولدا ماڭسىڭىزلا تۈگەپ قالمايدۇ، — پاقا شۇنداق دەپلا بىر سەكرىگەنچە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئەلچىن كۆڭلىدە شادلىققا تولۇپتۇ.

ئەتىسى پىستە كۈچۈكنىڭ بېشىنى شۇنداقلا سىلىغان



ئىكەن، بىردەمدىلا مەھەللىدىكى ئەخلەتلەرنى پاك - پاكىز يەۋېتىپتۇ. ئەلچىن كۈچۈككە قاراپ:

— بەرا — دېگەنىكەن، ئۇ قورسىقىدىن يىگىرمە ئۆچۈرگۈچ، يىگىرمە قەلەم، يىگىرمە دەپتەر چىقىرىپتۇ. قولۇم - قوشنىلار بۇلارنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ قېلىشىپتۇ. ئەلچىن دەپتەر، قەلەملەرنى مەھەللىدىكى نامرات بالىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ.

يەكشەنبە كېتىپ، دۈشەنبە تاڭ ئېتىپ ئەلچىن مەكتەپكە بالدۇر بېرىپتۇ ۋە كۈچۈككە ئەخلەتلەرنى يېۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ. كۈچۈك نەچچە ئون مىنۇت ئىچىدىلا ئەخلەتلەرنى يەپ، مەكتەپ ئىچىنى چىنىدەك پاكىز قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن بالىلار ئەقلىگە سىغدۇرالماپتۇ ۋە مەكتەپ مۇدىرىغا ئىنكاس قىلىپتۇ. مۇدىر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئەلچىننىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئەلچىن كۈچۈككە قاراپ:

— بەرا — دېگەنىكەن، كۈچۈك قورسىقىدىن نۇرغۇن ئوقۇش قوراللىرىنى چىقىرىپتۇ. ئەلچىن بۇلارنىمۇ بالىلارغا بېرىپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى بۇلارنى كۆرۈپ، زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئەمما ئىشەنمەيمۇ ئامال قىلالماپتۇ ۋە ئەلچىنگە قاراپ:

— رەھمەت بالام، سەن مەكتەپ مۇھىتىنى ياخشىلاپلا قالماستىن، بالىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆگىنىش ۋاقتىنى تېجەپ بەردىڭ. يەنە كېلىپ نامرات بالىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىنىمۇ ھەل قىلدىڭ، — دەپ، ئەلچىننى چىڭ قۇچاقلاپتۇ. ئەلچىنمۇ ياخشى

ئىش قىلالىغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ نۇرغۇن جايلارنىڭ تازىلىقىنى قىلىپتۇ ۋە نامرات باللارنىڭ ئوقۇش قورالىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپتۇ. نەتىجىدە نامى جاي ـ جايغا يۇلتۇزدەك تارايپتۇ.



## ۋاپاسىز ئوغۇل

(چۆچەك)

ئېشەك پەغەزگە قونمايدىغان، توخۇ سۆڭەك غاجاپ تويمايدىغان، توشقان ئازگالدا، پاقا جاڭگالدا ياشايدىغان چاغلاردا، بۆككىدە ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا كەپىدە بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوماق باللىسى بىلەن بىرگە شاد ـ خورام ياشايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۇپ، بوۋاي، مومايلار قېرىپتۇ ۋە ئىش، ئەمگەكتىن قېلىپتۇ. ئۆيدە يەيدىغانلار كۆپ، ئىشلەيدىغانلار ئاز بولغاچقا تۇرمۇشتا بىر ئاز چېنىپتۇ. شۇڭا ئۇلار تاپسا يەپ، تاپالمىسا ئەسنەپ كۈنلىرىنى ئاچ ـ زېرىنلىقتا ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بوۋاي بىر كۈنى ئوغلىغا:

ــ بالام، ھۆرۈنلۈق ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. ياشاش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. بىزدە: «ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن»، «بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە» دېگەن گەپ بار. سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، بەل قويۇۋەتمە! ھېلىتىن سىڭايان ياتساڭ، كەلگۈسىدە بالاڭنى قانداقمۇ ئوقۇتىسەن؟ بىلگىن بالام،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

هەرگىزمۇ: «ئاشنى كۆرسە ئىچمەك تاز، ئىشنى كۆرسە قېچمەك تاز» دېگەندەك ئىش قىلما! بولمىسا بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشىيالمايسەن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئوغۇل:

— ماقۇل دادا، — دەپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، رىزقىنى ئەمگەكتىن تېپىپ تۇرمۇشىنى بىر ئاز ياخشىلاپتۇ. ئۇنىڭ ياخشى يېگەنسېرى يېگۈسى، ياخشى كىيگەنسېرى كىيگۈسى كەپتۇ ۋە دادىسىغا:

رازى بولساڭ جان دادا،
باراي دەيمەن شەھەرگە.
ياخشى ئىشلەپ، پۇل تاپسام،
ئىشلىتەرسەن ھۈنەرگە.

دەپتۇ. دادىسى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

دادىل قەدەم باسقۇلۇق،
ئوغۇل دېگەن خەتەرگە.
سەندىن مەڭگۈ رازىمەن،
ئارىلاشمىساڭ زەھەرگە.

دەپ، ئۇنى يولغا ساپتۇ. ئوغۇل مولىلاق ئاتماي تۈز مېڭىپ، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلاپ، قېنىپ دېگەندەك ئالتە كۈندە ئادەملىرى سىمىز، بىناسى ئاسماندىن ئېگىز بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.



ئۇ ئادەملەر چۇمۇلىلەردەك مىغىلدىشىدىغان، بىر - بىرىگە قاراپ پىخىلدىشىدىغان بىر جايدىن كىچىككىنە بىر دۇكاننىڭ ئىجارىسىنى ئېلىپتۇ. ئۇ يەردە سوغۇققا قارىماي، چاچ، كۆزىنى تارىماي دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغان موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، خېرىدارلارغا تاش چىشلىتىپ كۆپلەپ پۇل تېپىپتۇ. پۇل تاپقانسېرى كۆزى قىزىرىپ، كۆڭۈل قۇشى دوستلىرى ئۈچۈنمۇ سايرىماپتۇ.

ئۇ توقماق يىلنىڭ بوغماق كۈنىدە ئۆيىگە جىق پۇلنى ئېلىپ، شىپپىدە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئەتىسى تاڭ ئېتىپ، ئۆزىچە تامدەك قېتىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن سۇسلا كۆرۈشۈپتۇ. بوۋاي، مومايلار بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشىپتۇ - يۇ، «بەلكىم ھاردۇق يەتكەندۇ» دېيىشىپتۇ. لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلار ئوغلىنىڭ سىپسىق تۇخۇمدەك گەپلىرىدىن ئازار يېيىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئۆيدە شورپا سېلىنىپتۇ. كېلىن بوۋاي، مومايلارغا ئۇسۇپ ماڭغىنىكەن، ئوغۇل:

— ئۇلارغا زاغرا چىلاپ بەر، — دەپتۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا. كېلىن:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ — دەپتۇ ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ھېچنېمە، — دەپ ئاچچىقلاپتۇ ئايالىغا، — ھېلىمۇ نەچچە يىل باقتۇق. يا كارغا كەلمىگەن، يا ئۆلمىگەن. ئۆتكەن

قېتىم ئانامنى داۋالاتقاندا كەتكەن پۇل ئېسىڭىزدىدۇر؟ بىز چىقىمنى ئازايتىپ، شۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ. بولمىسا بىزمۇ باشقىلاردەك راھەت كۆرەلمەيمىز. بىلگىن، ئۇلارغا بېرىۋەرسەك تاغمۇ توشمايدۇ، — دەپتۇ.

— لېكىن ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىڭىز تۇرسا، يەنە كېلىپ سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە قانچىلىك جاپا تارتمىدى - ھە؟ ئەجەبا شۇلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ — دەپتۇ ئۇ.

— بولدى بەس! بۇندىن كېيىن مېنىڭ خەۋىرىمسىز گۆش - ياغ، دورا - پورىغا پۇل بۇزۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، — دەپتۇ ئوغۇل. ياندىكى ئۆيدە ھاسىراپ ياتقان بوۋاي، مومايلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ ئازابتىن يىلاندەك تولغىنىپ كېتىپتۇ. كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرگەن نەۋرىسى بوۋاينىڭ قۇچىقىغا چىقىپ تۇرۇپ:

— بوۋا، نېمىشقا يىغلايسەن، — دەپ ئۇنىڭ قاردەك ساقىلىنى سىلاپتۇ. ئوغۇل بۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ئەمدى بوۋاڭنىڭ قۇچىقىغا چىقما، ساقىلىنى سىلىما! بولمىسا كېسەل يۇقۇپ قالىدۇ، — دەپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قىمارۋازدەك لاسسىدە بوشىشىپ كېتىپتۇ ۋە: «ئاھ، خۇدا، قېرىغاندا بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟ بىزنى بۇنچە خار قىلغۇچە جاننى ئالساڭچۇ؟» دەپ، تەڭرىگە نالە قىلىپتۇ...

كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپتۇ. بوۋاي، مومايلار يا ساقايماپتۇ



يا ئۆلمەپتۇ. ئۇلار ئۆلمىگەنسېرى ئوغۇل تېخىمۇ توك تېگىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى كەچتە موماي تۇيۇقسىز بولالماي قېينىلىپ كېتىپتۇ. بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەڭلىكتە قېلىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ يېنىغا سۆرىلىپ دېگۈدەك تەس چىقىپ:

— جېنىم بالام، خۇدانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ ئاناڭنى دوختۇرغا ئاپارغىن! ئۇ بىچارە بەكلا قىينىلىپ كەتتى... — دەپ يېلىنىپتۇ. ئوغۇل:

— دوختۇر ئۆتكەن قېتىم ئاپارغاندا كېسىلى ئېغىر. بەك كۆپ پۇل كېتىدۇ، دېگەن. ئۇنى داۋالايمىز دەپ پۇل تۈگىسە، بىز قانداق قىلىمىز؟ نەۋرەڭ قانداق ئوقۇيدۇ؟ ئۇ بەرىبىر كېتىدىغان بولغاندىكىن... — بوۋاي ئوغلىنىڭ يۈرىكىنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا يېلىنىش خۇددى تېرەكتىن مېۋە كۈتكەندەك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ - دە:

— ئاھ خۇدا، نەۋرەمگە ئىنساب بەرگەيسەن! — دەپلا مومىينىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا موماي ھەممىنى تۇيۇپ، ئالەمنى قويۇپ بەرگەن ئىكەن. بوۋاي مومايىنىڭ يۇمۇلماي كەتكەن كۆزىگە قاراپ يۇم - يۇم يىغلاپتۇ.

كۈنلەر قايغۇ - ھەسرەتتە ئۆتۈپ، بوۋايمۇ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەپتىلىك سەپەردىن كەلگەن ئوغۇل ھويلىسىدا ئويناۋاتقان ئالتە ياشلىق ئوغلىنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، ئالدىغا كەپتۇ. بالا قېچىپتۇ. ئوغۇل ھەيران بولۇپ:

— قوزام، نېمىشقا مەندىن قاچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

— سەن ئەسكى، مەنمۇ چوڭ بويىسام سېنى باقمايمەن. دوختۇيغا ئاپامايمەن، — دەپتۇ. دادا بۇنى ئاڭلاپ، قەلبى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە گۇناھىغا توۋا قىلىپ، دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

كارۋان تارتىپ مېڭىپ باققان، قۇملۇقلاردا ئېزىپ باققان، جەزىرىلەردە يېتىپ باققان، كەچمىشلەرنى يېزىپ باققان سەيياھلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: «ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن كېيىن قالغان ئىكەن.



## قاغا بىلەن قارلىغاچ

(چۆچەك)

يولۋاسنى مۈشۈك تالىغان، بۆرىنى توشقان بولىغان، تۈلكە شىرغا ئورا كولىغان ئاشۇ يىراق بىر زامانلاردا كاتتا بىر باغ بولغانىكەن. بۇ يەردە سۇمۇرغ دەيدىغان بىر قۇش بولۇپ، 72 خىل ھۈنەرنى تولۇق بىلىدىكەن. قايسى قۇش ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەلسە، زېرىكمەي، تېرىكمەي ئۆگىتىپ قويىدىكەن. قۇشلار ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرى ئارقىلىق تىرىكچىلىق قىلىدىكەن. شۇ كۈنلەردە قاغا بىلەن قارلىغاچ ھۈنەر ئۆگەنگىلى سۇمۇرغنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. سۇمۇرغ:

— قايسى ھۈنەرنى ئۆگىنىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن. قارلىغاچ كۆپ ئويلانمايلا:

— ئۆي ياساشنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قاغا ئۇنى ئېلىپ بۇنى تاشلاپ، بىر قارارغا كېلەلمەي بېشىنى قاشلاپ:

— ساتىراشلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنەيمىكىن، — دەپتۇ. سۇمۇرغ ماقۇل بولۇپتۇ ۋە ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. قارلىغاچ سۇمرۇغنىڭ سۆزلىگىنىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ ۋە بوش



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلاردا ئۆي سىلىشنى مەشىق قىلىپ، ھۈنەرنى تېزلا ئۆگىنىۋاپتۇ. قاغا ساتىراشلىقنى ئۆگىنىپ، ئىككى كۈن بولغاندا، جىگدە شېخىغا قونۇۋالغان بىر جىگدىچى:

شورلىشاڭغۇ يەرلەرگە،
ئۈرۈق سالسا ئۈنەرمۇ؟
قاغا ئاكا ئويلاپ باق،
ساتىراشلىق ھۈنەرمۇ؟

— دەپتۇ. قاغا بىر كېچە ئويلىنىپتۇ ۋە ئەتىسى سۇمۇرغقا:
— تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ قويسىلا بولۇپتىكەن، — دەپتۇ خىجالەت ئارىلاش. سۇمۇرغ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپتۇ ۋە يېڭى ھۈنەرنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. قاغا يېڭى ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، تۆت كۈن بولغاندا، ھۆپۈپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپتۇ. ھۆپۈپ قاغىنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

مۈشۈك قانات قاقمايدۇ،
قىشتا دوغاپ ياقمايدۇ.
تىككۈچىلىك ھۈنىرى،
بۇندىن كېيىن ئاقمايدۇ.

دەپتۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەندەك قىلىپ. قاغا بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ ھۈنەر



راستىنلا ئاقمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ قاپتۇ ۋە سۇمۇرغقا:

قانداق ئىش بار دەپ تۇرۇڭ،
ئالدىڭىزدا يۈگۈرەي.
مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم،
ناۋايلىقنى ئۆگىنەي.

دەپتۇ يېلىنىپ. سۇمۇرغ: ‹يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن› دەپتىكەن، ئەمدى ئىشانىڭىز ئېنىق بولسۇن» دەپتۇ ۋە ناۋايلىق ھۈنىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىپتۇ. قاغىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. دەل ئون ئىككى كۈن بولغاندا، تورغاي بىلەن بىر داستىخاندا بولۇپ قېلىپتۇ. گەپ ئارىلىقىدا تورغاي قاغىنىڭ ناۋايلىقنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە:

دەمدەر مۇڭلۇق ئۈنلەيدۇ،
بۇركۈت سانى كۈنلەيدۇ.
ناۋايلىقنىڭ دەردىنى،
قىلمىغانلار بىلمەيدۇ.

دەپ، بۇ ھۈنەرنى قەتئىي قىلماسلىق توغرىسىدا بىرمۇنچە سۆزلەپتۇ. قاغىمۇ تورغاينىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مۇڭدىشىش ئارقىلىق، تورغاي قاغىغا ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتىپ قويىدىغان بولۇپتۇ.

قاغا كۈندە سەھەر قوپۇپ، تورغاينى ئۇستاز تۇتۇپ ناخشا ئېيتىشنى مەشق قىلىپتۇ. بىر يىل ئۆتكەندە:

قاق، قاق، قاق...
چاپىنىم ئاپپاق.
تاتلىق ـ تورۇمغا،
مەن بەكمۇ ئامراق.

دېگەن ناخشىنى ئۆگىنىۋېلىپلا، تورغاينىڭ يېنىدىن خوش دېمەيلا كېتىپ قاپتۇ. كېيىن ناخشا ئېيتىپ پۇل تېپىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئاۋازى سەت يەنە كېلىپ تۈزۈك ناخشا بىلمىگەچكە، قۇشلار سەھنىگە شاپاق ئېتىپ، ئۇنى قوغلاپتۇ.

موللا بىلەن قارىينىڭ، ئەخمەت بىلەن بارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قارلىغاچ ئۆي سېلىش ھۈنىرىنى شۇ ئۆگەنگەنچە ساپمۇ ساق ئۈچ يىل ئۆگىنىپتۇ ۋە ئۇستا بىناكار بولۇپ، شاد ـ خۇرام ياشاپتۇ. قاغىنىڭ تىكىچى بىر يەردە توختىمىغاچقا، يا ئۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەلمەپتۇ يا بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەلمەپتۇ. ئاخىرى جان باقالماي ئوغرىلىق قىلىش يولىغا مېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا «:ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ» دېگەن تەمسىل كەڭ تارقىلىپتۇ.



# تۆمۈر تۇمشۇق

(چۆچەك)

يۇلتۇز سامادا، ھۆپۈپ كامادا، موللام تامادا يۈرگەن بىر زامانلاردا تۆمۈر تۇمشۇق قاپلان ـ پاقلان، ئېيىق ـ تۈلكە، توخۇ ـ توشقان ... قاتارلىق جان ـ جانىۋارلار بىلەن شادلىق ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، خاتىرجەملىك نۇرلىرىنى پىلدىرلىتىپ خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن. ئۇ ئۇستا دوختۇر بولۇپ، قايسى جانىۋار ئاغرىپ قالسا ئۇنى دەرھاللا داۋالايدىكەن ۋە پادىشاھقا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭىمۇ ئۇ جان ـ جانىۋارلار ئارىسىدا ھەممىدىن بەك ئەتىۋارلىنىدىكەن. لېكىن تۈلكە ئۇنى كۆرەلمەي بەكلا ھەسەت قىلىدىكەن. كۆڭلىدە: مەن يايلاقنى چارلاپ تۇرمىسام نەدىمۇ خاتىرجەملىك بولسۇن؟ ئەجەبا ئۇ كىچىككىنە ھۈنىرىگە شۇنچە تەمەننا قويامدىكەن؟ دەپ ھەسرەتلىنىدىكەن. بىر نېمە دەي دېسە ئۇنىڭ ئۇستا دوختۇرلۇقىدىن ئەيمىنىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى شىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

ـــ شىر ئاكا، تۆمۈر تۇمشۇق ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتتى. ئۇ كۆرگەنلا جانىۋارلارغا: «شىرنى ئۆلۈم گىردابىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسام نەسلى سۇ كىرمىگەن چۆپلۈكتەك قۇرۇپ كېتەتتى» دەپتۇ. بۇ قاراپ تۇرۇپ سىلە بىلەن مەرتىۋە تالاشقانلىق بولماي نېمە؟ — دەپتۇ.

— بۇ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئەلۋەتتە راست، — دەپ سۆز باشلاپتۇ تۈلكە، — ئاڭلىسام ئۇ يەنە: «شىر پارا ئېلىپ باشقىلارغا يامان تەسىر بەردى. ئۇ لاياقەتلىك ۋەزىر ئەمەس. ئورنىغا يىلپىزنى قويساقمىكىن» دىگەن مەزمۇندا شاھقا تەكلىپ سۇنغانمىش. شۇڭا...

— مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلاپ جۇدۇنۇم قىرىق گەز ئۆرلىگەن. بىراق ئۇنى پادىشاھ بالىسىدەك ئەتىۋارلاۋاتسا، بىز قانداقمۇ...؟

— سىلە هايت دېسىلا بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپتۇ تۈلكە.

— قېنى، قۇلىقىم سەندە، — دەپتۇ شىر. تۈلكە:

— ئاڭلىسام شاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى تۆمۈر تۇمشۇق داۋالاۋاتقان ئىكەن. بىز يوقلاپ بېرىپ، دورىسىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك، ئۇ چاغدا ئۇ ....

شىر بۇنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە تۈلكىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن، شاھنىڭ ئوغلى ئۆلسە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىمۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئۇچاغدا بىز يولۋاسنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز. مەن ئورنىغا شاھ بولىمەن. سەن بولساڭ



ۋەزىر بولىسەن، — دەپتۇ شىر. دېگىنىدەك تۈلكە بىلەن شىر ئاخشىمى هىيلە ئويلاپ، كەچ يېتىپ، كۆڭلەر ئۆتۈپ، پۇرسەت تېپىپ دورىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. شاھنىڭ ئوغلى دورىنى ئىچىپ، قان قۇسۇپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي جان ئۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، قان - قان يىغلاپتۇ، يەرنى غەزەپ بىلەن تىلغاپتۇ ۋە تۆمۈر تۇمشۇققا قاراپ:

ئېيتە مەلئۇن نېمىشقا،
زەھەر بەردىڭ ئوغلۇمغا؟
نېمە مەقسەت بار ئىدى،
ئورا كولاپ يولۇمغا؟

دەپ، تۆمۈر تۇمشۇقنى سوراقلاپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق:

كەنجى باينىڭ غېمىنى،
كېچە - كۈندۈز يەر ئىدىم.
قەست قىلىپتۇ بىراۋلار،
مەن زەھەرنى بەرمىدىم.

دەپ، ئۆزىنى ئاقلاپتۇ. لېكىن بۇ گەپ ئاقماپتۇ. يۇرتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دېگەن سۆزلىرى شاھقا ياقماپتۇ. شاھ ئاتارمەن، چاپارمەنلەرنى يىغىپ، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ئەۋلادلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق بۇ ناھەقچىلىققا چىدىماي كۆزىنى

ياشلاپتۇ ۋە شاھقا دەپتۇ:

ــ شاھىم، سىلە نادانلىق قىلدىلا. ئارىمىزدا نىيىتى ئالا...ــ

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە شاھ:

ــ بولدى بەس! ــ دەپ ئەتراپىقا قاراپتۇ ۋە، ــ تۆمۈر تۇمشۇقنى قەپەسكە سولاپ، ئۈچ كۈن سازايى قىلىپ، كاللىسى ئېلىنسۇن! ــ دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن شىر بىلەن تۈلكە كۈلۈپتۇ. ئىشىنىڭ تېگى - ماھىيىتىنى بىلگەن يىلپىز ئىككىنچى كۈنى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپتۇ ۋە تۆمۈر تۇمشۇققا قاراپ:

ــ دەرھال قېچىڭ، ــ دەپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق قېچىپتۇ. لېكىن بۇنى تۈلكە بىلىپ قېلىپ، شاھقا مەلۇم قىلىپتۇ. شاھ جان - جانىۋارلارنى باشلاپ، يۇرتنى ئارقىغا تاشلاپ، ئۇنى قوغلاپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق ھالىدىن كېتەي دېگەندە، ئالدىدا قويۇق ئورمانلىق پەيدا بولۇپتۇ. ئورمان پادىشاھى:

ــ تېز بولۇڭ، ــ دەپ ئۇنى قېرى دەرەخنىڭ كاۋىكىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. جان - جانىۋارلار ئۇنى تاپالماي كېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. كېيىن يولۋاسنىڭ ئورنىنى شىر تارتىۋاپتۇ ۋە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. يولۋاس شۇ چاغدىلا قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ يايلاقتا كېسەللەر كۆپىيىپتۇ. داۋالىغىلى دوختۇر يوق بىر قىسىم جانىۋارلار ئۆلۈپ، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق ئورمانلىقنى ماكان تۇتۇپتۇ ۋە:



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توك، توك، توك...
تۆمۈر تۇمشۇقمەن.
ياغاچ تېنىدىن،
قۇرت تاپىمەن.
توك، توك، توك...
تۆمۈر تۇمشۇقمەن.
ياخشى ئىش قىلىپ،
ئەلگە ياقىمەن.

دەپ، دەرەخلەرنى داۋالاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ «ئورمان دوختۇرى» دېگەن نامى كەڭ تارقىلىپتۇ.

# تۆگە بىلەن ئات

(مەسەل)

تۆگە بىلەن ئات يايلاقتا بىرگە ياشايدىكەن. بىر كۈنى بۇ يەرگە بۇغا، كېيىك، كالا، ئېشەك دېگەندەك ھايۋانلار كۆچۈپ كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يايلاق قاينام - تاشقىنلىققا تولۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئاتنىڭ تۆگىنى ھەيدىۋېتىپ، يايلاققا باش بولغۇسى كېلىپتۇ. شۇڭا ئۇ كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن تۆگىگە:

— تۆگە ئاكا، بىز يايلاقتىكى دوستلارنىڭ ئالدىدىلا چېپىشىپ باقايلى، قايسىمىز يەڭسەك يايلاقنىڭ بېشى بولايلى، مۇبادا قايسىمىز يېڭىلىپ كەتسەك، يېڭىلگىنىمىز يايلاقتىن كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپتۇ. تۆگە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئات ئىنىم، شۇنداق ئويىڭىز بولسا سىز يايلاققا باش بولۇڭ! لېكىن دوستلىرىمىز ئاران جەم بولغاندا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى! بىزدە: «ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە» دېگەن گەپ بارغۇ، — دەپتۇ. ئات كۆڭلىدە: ئۇ يايلاققا باش بولۇشنى چۈشەنگەۋاتقان گەپ. بولمىسا... دېگەنلەرنى



ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە:

— بۇ رىقابەت دەۋرى. ئىقتىدارلىقلار تاللىنىدۇ، ئىقتىدارسىزلار شاللىنىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بەسلىشەيلى! — دەپ گېپىدە چىڭلا تۇرۇۋېلىپتۇ. تۆگە ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپتۇ ۋە:

— قانداق بەسلىشىمىز؟ — دەپتۇ. ئات:

— يايلاقتىن كۈنپېتىشقا قاراپ چاپىمىز. نەدە دەريا ئۇچرىسا، شۇ يەردە توختايمىز. دەريا بويىغا بۇرۇن كەلگەن ئۇتقان بولىدۇ، — دەپتۇ. تۆگە بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇپتۇ. ئات كۆڭلىدە خۇشاللىققا تولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەنزىلگە قاراپ چېپىپتۇ. ئات قۇيۇندەك تېز چېپىپ يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىپتۇ. تۆگە لوكۇلداپ دېگۈدەك ئارقىدا قېلىپتۇ. ئۇلار شۇنچە چاپقان بولسىمۇ، دەريا تۈگۈل ئېرىقمۇ ئۇچرىماپتۇ. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئات چەكسىز كەتكەن قۇملۇققا دۇچ كېلىپتۇ. ئۇ قۇملۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، توختىماي چېپىپتۇ ۋە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ، ئارانلا مېڭىپتۇ. بارا - بارا ھالسىزلىنىپ، ئۇتتەك قۇم ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. تۆگە بىر خىل تېزلىكتە چېپىپ دېگۈدەك نامازدىگەر بىلەن ئات ياتقان يەرگە كېلىپتۇ. بۇ چاغدا ئات ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىكەن. ئۇ تۆگىنى كۆرۈپ، يۇم - يۇم يىغلاپتۇ ۋە قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تۆگە ئاكا، مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم بېشىمغا بالا بولىدىغان بولدى. ئەۋلادلارغا دەپ قويۇڭ، مەندىن ئىبرەت ئالسۇن! — دەپلا جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىغا: «ھەسەتخورنىڭ نىيىتى ئالا، ئالىدىغىنى ئۆزىگە كەلتۈرەر بالا» دېگەن گەپ كەڭ تارقىلىپتۇ.



## ماختانچاق شاتۇتى

(مەسەل)

چىرايلىق بىر باغ بولۇپ، ھەرخىل قۇشلار ئىجىل - ئىناق ياشايدىكەن. شاتۇتى ناھايىتى ماختانچاق ۋە سۆزمەن بولۇپ، دائىم باشقا قۇشلارنى دوراپ مازاق قىلىدىكەن. قايسى بىر قۇشنى كۆرسە:

— مەن دېگەن قۇشلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى، گەپ قىلالايمەن. باشقىلارنى دورىيالايمەن. جىمى ئېقلىمدا ماڭا يېتىدىغان بىرمۇ قۇش يوق، — دەپ ماختىنىدىكەن ۋە بىھۇدە سۆزلەپ قۇشلارنى بىزار قىلىدىكەن.

ئۇ بىر كۈنى ھۆپۈپ بىلەن ھۇۋقۇشنى تازا دوراپ، باغنى بېشىغا كىيىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قۇشلار باغقا ئۇۋۇچىنىڭ كەلگەن شەپىسىنى سېزىشىپ، قويۇق ياپراقلار ئارىسىغا مۆكۈشۈپتۇ ۋە سايراشتىن توختاپتۇ. شاتۇتى باشقا قۇشلارنى دوراشتىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ. ئاق كۆڭۈل قۇش پاختەك پەس ئاۋازدا:

— شاتۇتى بۇرادەر، سەن بىزلەرنى دورىيالايسەن. بۇ سېنىڭ

ئارتۇقچىلىقنىڭ، بىراق هازىرچە جىم! ـــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ دوستانە مۇھەببەت بىلەن. شاتۇتى:

ـــ ھۇ چىدىماس، توخۇ يۈرەك، نېمىدىن قورقاتتىم؟ ئاۋازىمغا ھەسەت قىلىۋاتىسەنغۇ تايىنلىق؟! قاراپ تۇر، سېنى دوراپ جېنىڭنى ئالىمەن دەپتۇ ـ دە:

ـــ ھۇقۇقۇق ... ھۇقۇقۇق ...

بىر كۈن ئاچمەن، بىركۈن توق .

دەپ پاختەكنى دوراپتۇ. دەل شۇ چاغدا پاك قىلغان ئاۋاز بىلەن شاتۇتى گەندە ئۈستىگە چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ.



# مېنىڭ ئۆيۈم

(نەسر)

مەن ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا ئۇغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىمەن. شۇتاپ، ئانامنىڭ ئىللىق كۆزلىرىدەك نۇرانە يۇلتۇزلار گويا پەرىشتىلەردەك باش ئۈستۈمدىلا جىمىرلاپ مېنى سۆيۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارنى يەكلىمەيدىغان مېجەزى سۇنغان قەلبىمگە بەئەينى باھار شامىلىدەك راھەت بېغىشلايدۇ. ئەمما مەن يەنىلا يېتىم قوزىدەك تولىمۇ بىچارە ئىدىم.

ئەنە، ئاۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم. ھويلىدا نە ئىت، نە بۆرە يوق. لېكىن بېرىشتىن قورقىمەن. چۈنكى، ئۇ يەردە مېنى قارشى ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. قاچانلا باراي مۇزدەك كۆز، نەشتەردەك تىل ـ ھاقارەت، خورلاشلاردىن قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا يېڭىلا ئۇچۇرما بولغان كەپتەر باچكىسىدەك ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرىمەنۇ، ئىسسىق ئۇۋامغا كىرەلمەيمەن.

مانا، توكمۇ ئۆچتى. ئۆي زۇلمەت تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە غەمسىز ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالىدا، چۈشىدە نە مەن بولاي؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنە، ئاۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك چۆرگىلەپ يۈرىمەن. ھەر قېتىم دەرۋازىنى قاقاي دەپ قولۇمنى ئىگىز كۆتۈرىمەنۇ، نېمىشقىدۇر توك تېپىۋالغاندەك قورقۇنچ ئىچىدە توختاپ قالىمەن.

— ئاھ ئانا، — دەيمەن ئۆزۈمگە، — شۇ تاپتا ئۆيدە سەن بولغان بولساڭ «بىچارە ئوغلۇم نەلەردە يۈرۈيدىغاندۇ، نېمىشقىمۇ كەلمەيدىغاندۇ؟» دەپ مەن ئۈچۈن سەدپارە بولار ئىدىڭ. يوللىرىمغا قاراپ ئانا تۆگىدەك بوزلار ئىدىڭ. مېنى دەپ كېچە باغرىنى شەپەرەڭدەك ئاختۇرار ئىدىڭ - ھە؟! مەنمۇ ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك تەمتىرەپ يۈرمەي، ئۆيگە باھار قارلىغىچىدەك ئەركىن كىرىپ چىقاتتىم ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئانا، دادام نېمىشقىمۇ ئالدىمغا چىقمايدىغاندۇ - ھە؟ يا ئۇ يېڭى بالىلىرىنى كۆرۈپ مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن؟ ئېھتىمال ئۆگەي ئانامنىڭ ئالدىدا «تەلەيسىز بىچارە ئوغلۇم» دېيەلمىدى ھەقاچان.

ئەنە، ئاۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم. مەن ئىزغىرىن كېچىنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىلىنىپ يېگانە ھالدا كېتىپ بارىمەن. قارىسام ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئائىلىلەر خاتىرجەملىكىنىڭ تۆشەكلىرىدە تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانىسى بار بالىلارنىڭ ئۆيىدە ئاي كۈلۈپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۆيۈمدىكى ئاينىڭ كۆزى يېرىم يۇمۇق. مەن ئويلاپ قالدىم: ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالغان بالىلارنىڭ ھەممىسى مەندەك تەلەيسىزمىدۇ؟

ئەنە، ئاۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم...



## باھار قىز

(نەسر)

— ھەي بالىلار، كۆردۈڭلارمۇ؟ باھار قىز كەپتۇ.

— باھار قىز كەپتۇ!؟

— ئەنە قاراڭلار، ئۇلار شېشىدەك سۈزۈك ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ خۇددى ئايروپىلاندەك ئۇچۇشماقتا. ئۇلار نەقەدەر خۇشال - ھە؟

بىر نەچچىمىز ھويلىدىن دالىغا ئوقتەك ئېتىلدۇق. باھار قىز ۋىچ - ۋىچ قىلىپ، باش ئۈستىمىزدىنلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

— بەك ياخشى بولدى. باھار قىز كەلسە قىش ئاپپاق چاپىنىنى كىيەلمەيدۇ. ھاۋا ئاستا - ئاستا ئىللىپ، يۇمران چۆپلەر توپا ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

— بېدىلەر كۆكلەيدۇ. بىز ئېتەكلىرىمىزگە لىققىدە تېرىيمىز. ئاندىن ئۆيگە قايتىمىز - دە، سۇ قايناق ئېتىمىز.

— ئەگىزلەر ئېرىق، ئۆستەڭگە يامراپ كېلىدۇ. ئېتىزلار خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاچا - سىڭىللاردەك سۇ بىلەن سۆيۈشىدۇ.

— كاككۇكلار سايرىشىدۇ.

— ...

— بۇ يىل قارلىغاچ قىز كىمنىڭ ئۆيىگە ئۇۋا قۇيار؟

— بىزنىڭكىگە.

— ياق، بىزنىڭكىگە...

چۇرقىراشلار مەھەللىنى بىر ئالغان. باللار زوقمەنلىك تۇيغۇلىرىدا قارلىغاچ قىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇۋا ياساپ، بالا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇڭىمۇ يۇمران قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ:

— ھەي، باھار قىز، مەن بۇيەردە، — دېيىشەتتى. قارلىغاچ قىز بولسا: «دوستلىرىم، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ مەن ياخشىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇۋا ياساپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىمەن» دېگەندەك مەھەللە ئاسمىنىدا ئېگىز - پەس ئۇچۇشاتتى.

— باللار، باھار قىز كەلسە ئېتىز - ئېرىقلاردا، باغىۋاراڭلاردا ھەرخىل چېچەكلەر غۇچچىدە ئېچىلاتتى. بىز چېكىمىزگە قىسىشىپ، مېھماندارچىلىق ئويناپتتۇق ئەمەسمۇ؟

— بىزمۇ قارا ئۇجمىنى تويغۇچە يەيتتۇق. بىر - بىرىمىزگە بۇرۇت ياساپ، گۇگۇم قارا كىيىمنى كىيگۈچە ھەربىي - دۈشمەن ئويۇنى ئوينىشاتتۇققۇ؟

— پادا باقاتتۇق.

— لەگلەك ئۇچۇراتتۇق.

— ئانا كۆكسىدەك يۇمران، دادا تىنىقىدەك ئىللىق تۇپراققا يالاڭ ئاياغ دەسسەپ، لايدىن قەلئە ياسايتتۇق.



— ۋاھ، خوندەك پىشسا...

— باھار قىز كەلسە بەكلا ياخشىكەن.

بىز باللارچە خىياللىرىمىز بىلەن نېمىلەرنىدۇ دەپ باھار قىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەنتەنە قىلىشاتتۇق. ئۇ بىزنى تېرىكتۇرمەكچى بولغاندەك يېنىمىزدىن سۇۋۇنۇپ دېگۈدەك شىپلا قىلىپ، ئۆتۈپ كېتەتتى. مانا، بىردەمدىلا ھەرىكىتىنى ئىتتىكلىتىپ، تېخىمۇ پەس ئۇچقىلى تۇردى.

— يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ...

بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ، ئاسمان سەتھىدە توپ - توپ بۇلۇتلار پەيدا بولدى. خۇددى ئەرش ئىلاھىدا قوچقار ئۇسۇشكەندەك دەھشەت چاقماق چېقىپ، يامغۇر چېلەكتىن سۇ تۆكۈلگەندەك شارقىراپ يېغىپ كەتتى. بۇ چاغدا قارلىغاچ قىزمۇ نەلەرگىدۇ مۆكۈنۈۋالغان بولۇپ، ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. باللارمۇ:

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

— دېيىشىپ، بەئەينى يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتلاردەك ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ تارقاشماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نان

(نەسر)

گۆگۈم قارا قانىتىنى كەڭ يېيىپ، ئالەمنى باغرىغا ئالدى. شۇنچە ئۇزۇن كۈتكەن بولساقمۇ ئانامنىڭ قارىسى كۆرۈنەي دېمەيتتى. قورساق ئاچلىقتىن توختىماي ناغرا چالاتتى. كۆتۈشلەردىن تالغان كۆزۈمنى ئاسمان بېتىگە يۆتكىدىم. ئاي سۈتتەك نۇرىنى چېچىپ، بىزگىلا قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاينى يەۋېتەيلى! — دېدىم ئاكامغا.

— ئەخمەق، — دېدى ئاكام، — ئۇ يا نان بولمىسا؟

— ئۇ ئەسلىدە نان ئىدى، — دېدىم مەن، — باللار يوغۇلماقتەك يۇمىلىتىپ ئوينىغاچقا، ئاسمانغا چىقىۋالغان.

— نېمىشقا يېنىمىزغا چۈشمەيدۇ؟

— باللارنىڭ ئىسراپ قىلىشىدىن قورقىدۇ.

— نېمىشقا گاھى كېچىلىرى يېرىمى يوق كۆرۈنىدۇ؟

— ئەلۋەتتە بىزدەك نامرات باللار چىشلىۋالغان ـ دە؟!

— بىزگە مۇئەللىم ئۇنداق ئۆگەتمىگەن، — دېدى ئۇ پەرۋاسىز هالدا. بۇ چاغدا تۈن تەڭ بولغان بولۇپ، چامغۇر



ئۇرىسىدەك ئولتۇرۇشاتقۇ كۆزىمىزدە خام زاغىرنىڭ پۇچۇقلىرى كېپىنەكتەك ئۇچۇشۇپ تۇراتتى. ئاكام بىردىنلا ئايغا قارىدى ۋە بىر هازادىن كېيىن:

— راستلا كاكچا نانغا ئوخشايدىكەن، — دېدى.

— ياق، — دېدىم مەن، — توقاچ نانغا ئوخشايدۇ.

— نېمىگە ئوخشىسا كارىم يوق، قورساق تويسىلا بولاتتى، — دېدى ئاكام يىغلامسىراپ. مەن ئىندىمىدىم. كۆز ئالدىمدا بىچارە ئانام پەيدا بولدى. ئۇ تونۇر ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تىللىرىنى چىقىرىشىپ تۇرغان ئوت يالقۇنىغا قارىماي نان ياقماقتا ئىدى. ئۇ هەر قېتىم ئېڭىشكىنىدە چېكە چاچلىرى چالىشىپ، چىرايى مىس رەڭگىگە كىرەتتى. ئەمما قولىدىكى سارغىيىپ پىشقان نان بىردە قۇياشتەك، بىردە ئايدەك جىلۋىلىنەتتى. بىر قېتىم ياغسىز ناننى ياراتماي ئاتقىنىم ئېسىمدە. ئانام: «قوزام، ئېسىڭدە مەھكەم تۇت! ناننى خارلىغانلىق — ئۆزىنى خارلىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، ناندا تۇز بار، تەر ـ ئەجىر بار. شۇڭا بوۋىلار بىزگە ‹نانغا دەسسىسە قارىغۇ بولىدۇ› دەپ ئۆگەتكەن. ئىككىنچى ئۇنداق قىلغۇچى بولما!» دېگەنىدى. ئەمدى ئاشۇ نان بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ هە؟! لېكىن ئۆيدە نان قالمىغان ئىدى. پەقەت ئاي هەرخىل ناننىڭ سىياقىدا ئىشتىهايىمىزنى غىدىقلايتتى.

## تەبىئەت دۇنياسى

(نەسر)

ئانا، ھايات دەرىخىم مېھىر سۆيۈگىدىن ياشناپ، قانات چىقاردى. بۈگۈن ئاران كەلگەن شېكەر شەنبە، دەم ئالىدىغان كۈنۈم. شۇڭا يەنە دەرس تەكرارلاشقا زورلىما! مەن ئالدى بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەققىدىكى قىزىق چۆچەكلىرىڭنى ئاڭلىۋالاي! ئاندىن ئۈچۈرما بولغان قۇشقاچ بالىسىدەك پۇررىدە ئۇچاي - دە، قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاي!

— ياق، دېمە جېنىم ئانا، قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى ئۆزىنى تاۋلاش ئۈچۈن بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ تەبىئەت دۇنياسىدا تايچاقلاردەك ئەركىن يۈرۈشۈم ھايات ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىشىم ئۈچۈنغۇ؟ ئەجەبا سەنمۇ بىزنىڭ مۇئەللىمدەك ھەممە بىلىم كىتابتىلا دەپ قارامسەن؟

ئېسىڭدىمۇ ئانا، ئۆتكەن يىلى يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدۇق. كىچىك سىڭلىم موزاينىڭ مۆرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقۇنچتىن ئاسلاندەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئىدى. قىزىقى،



چۈپچۈڭلا بولۇپ قالغان ئىنىمنىڭ خورازدىن قورقۇپ، كۆپكۆندۈزدىلا تەرەتخانىغا بارالماي ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكىنىچۇ، تېخى؟! ئۇچاغدا سەن ھەممىمىزنى «توخۇ يۈرەك»، «نان قېپىلار» دەپ تىللاپ كەتكەنىدىڭ. ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ كەندىرلىكتە ئوينىغان يۇشۇن - بۇشۇكلىرىڭ، ھەر ئېگىز ئۆرۈكلەرگە قانداق يامىشىپ چىقىپ، ئالا بولغان غورىلارنى ئالغانلىقىڭ، تېخى ئازمىلارغا سۇغا چۈشۈپ، بىر شۇڭغۇغانچە ئون، ئونبەش مېتىرچە نېرىسىدىن چىققىنىڭنى دەپ بەرگەنىدىڭ. مانا ئەمدى بىزنى نېمىشقا ئوينىغىلى قويمايسەن؟ ھە دېسىلا: «ئېگىنىڭنى مەينەت قىلما، مەكتەپتىن دەرھال ئۆيگە كەل، بالىلار بىلەن ئوينىما! سۇغا چۈشسەڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن»دەيسەن. بۇ راستتىنلا بىزگە كۆيۈنگەنلىكىڭمىدۇ؟

ئانا، سەن دائىم: «چوڭ بوۋاڭلار ئۇستا مەرگەن ئىدى. ئۇ قارام، قورقۇمسىز بولۇپ، ئەلە - مەلىدىكى قوغۇن - تاۋۇزلۇق، قوناقلىقنى ياۋا توڭغۇزنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلايتتى» دەپ ئۇنى ماختاپ بېرەتتىڭ ۋە بىزنى باتۇر بولۇشقا ئۈندەيتتىڭ. مانا ئەمدى ھەممىمىزنى سەرەڭگە قېپىدەكلا ئۆيگە سولاپ قويۇۋاتىسەن. خۇددى تەبىئەت بىزنى يەكلەيدىغاندەك. ئەگەر كۈنلىرىمىز مۇشۇ تەرزدە ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا بىز ساراڭ بولۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، راستتىنلا سەن دېگەندەك «نان قېپى»لارغا ئايلىنىپ قالغۇدەكمىز.

ئانا، ئۆتكەن ھەپتە ساڭا دەپ قويمايلا بىر دوستۇمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيگە بارغانىدىم. يولدىكى بىر ئىش ماڭا بەكلا تەسىر قىلدى. بىر دەرەختكە قۇشقاچ ئۇۋا قويۇپ، بالا چىقارغانىكەن. سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ بالىسىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرەختكە چىقىۋالغانىكەن. ئۇ قولىنى قۇشقاچ ئۇۋىسىغا ئەمدىلا سۇنۇشىغا نەدىندۇر بىردەمدىلا بىرجۈپ قۇشقاچ پەيدا بولدى ـ دە، بالىغا ھۇرپىيىپ، قانات سىلكىپ، شىددەت بىلەن ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئەسكى ئىشىنى سازايى قىلماقچى بولغاندەك بار ئاۋازدا ۋىچىرلىغىنىچە ئالەمنى بېشىغا كىيدى. قۇشقاچنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋازى بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدىكى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ زارىغا ئوخشايتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدىم. لېكىن ئانا، سەن بىزنى تەبىئەتتىن ئايرىپ قويۇۋاتىسەن. شۇڭىمۇ ھازىرغىچىلىك يېزا بالىلىرىدەك سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىلمەيمەن. كۆلچەكلەرگە موللاق ئېتىشقۇ ئەسلا قولۇمدىن كەلمەيدۇ. راستىنى دېسەم گاھىدا بۇغداي مايسىسى بىلەن كۆكاتنىمۇ ئايرىيالمايدىكەنمەن. ھەتتا ئات، ئېشەكنىمۇ مىنەلمىسەم بۇ بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟

جېنىم ئانا، مەن مۇئەللىملەردىن ۋاپادارلىق ھەققىدە تالاي تەسىرلىك ھېكايىلەرنى، نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدىم. «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگىراممىسىدا ئۇچار، قۇش ۋە جان ـ جانىۋارلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ۋاپادارلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، بەكلا



تەسىرلەندىم. مانا ئەمدى سىنىپىمىزدىكى يېزىلىق بالىلار بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ، رېئاللىقتىن بەكلا چەتنەپ كەتكەنلىكىمنى، نۇرغۇن بىلىملەرنى تەبىئەتتىن تولۇقلايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى، ئانا، بۈركۈت ماڭا خەتەردىن قورقمىغاندىلا شۇنچە ئېگىزگە ئۇچقىلى بولىدىغانلىقىنى، چۈمۈلە تىنىمسىز ئىشلىگەندىلا ئاندىن بەختكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. ئەجەبا بۇ بىلىم ئەمەسمۇ؟

ئانا، ئەمدى بىلسەم تەبىئەت دۇنياسى بىزنىڭ ھەقىقىي مەكتىپىمىز ئىكەن. ئۇ بىزگە ھايات ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى بىزنى تاۋلايدىكەن. لېكىن سىلەر شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا لەگلەكنىڭ يىپىنى ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇۋالىسىلەر؟ سىلەرچە كىتابتىكى بىلىم ھەممىنى ھەل قىلىپ كېتەلەرمۇ؟

# باللىق قەلب

(نەسر)

ئىيۇن ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى. ھاۋا چېكىلگەن سايىۋا ئۈزۈمدەك سۈزۈك بولۇپ، كۆك سەتھىدە ئاپپاق بۇلۇتلار خۇددى ئوتلاۋاتقان قوي پادىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئالتە ياشلىق ئوغلۇم بىلەن سەھرا يولىدا ئانا باغرىدەك يۇمشاق توپىنى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ كېتىپ بارىمىز. مەنزىلىمىز مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلەردىن تويغىچە يېيىش ئىدى.

بىز دېگىزدەك يېيىلىپ كەتكەن ئېتىزلىقنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدا توختىدۇق. شاخلاردا ئاپپاق، بودەك ئۈجمىلەر ھازىرلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېنىدىن تارقىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن شەبنەم تامچىلىرى قۇياش نۇرى ئاستىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى.

— پاھ، — دەۋەتتى ئوغلۇم خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ. مەنمۇ: بۈگۈن سەھەر قوپقىنىمىزنىڭ پايدىسى بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم.



— دادا، — ئوغلۇم ئەنسىز توۋلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى قوزام؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئەنە قارا، قۇشقاچ بالىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ ئېچىنغان ھالدا. دېگەندەك ئۇ كۆرسەتكەن يەردە ئېتىگە ئەمدىلا تۈك قونۇشقا باشلىغان ئىككى قۇشقاچ بالىسىنى ئۆلۈم رەھىمتى قۇچىقىغا ئالغان ئىدى.

— بۇمۇ تەقدىر بالام، — بىز ئۈجمە يەيلى، — دېدىم پەرۋاسىز ھالدا.

— ياق، بىز ئاۋۋال ئۇنى كۆمۈپ، قەبرە ياساپ بېرەيلى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— تۇغقانلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلسە...

— بالام، بولدى قىل، ئۇ دېگەن بەرىبىر قۇشقاچقۇ شۇ. نېمانچىلا قىلىسەن؟ — دېدىم شېرىن تەم ئۈجمىلەردىن يېيىشكە ئالدىراپ.

— سەن: «قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەنتىڭغۇ؟ ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەسما؟

مەن بىردىنلا جىمىپ كەتتىم. ئوغلۇمنىڭ: «ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەسما؟» دېگەن سۆزى قەلبىمنى سۇنغان ئەينەكتەك پارە - پارە قىلىۋەتكەن ئىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ھەرخىل قۇشلار، جان - جانىۋارلار پەيدا بولدى. ئۇلار: «بىزنى دوستۇم دەيسىلە - يۇ، نېمىشقا يەنە نەپسىڭلەرگە قۇربان قىلىسىلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوستلۇق دېگەن قانداق بولىدۇ؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئالدىنقى ئايدا بىر دوستۇم ئازراق پۇلنى دەپ، يەنە بىر دوستىغا پىچاق تىقىۋەتكەنىدى.

— دادا، — ئوغلۇمنىڭ چاقىرىشى بىلەن خىيالدىن ئويغاندىم. ئالدىمدا گۈللەرنىڭ ھىدى بىلەن لىق تولغان جىمجىتلىق چىپپىدە تۇراتتى. بالام تەقەززالىقنىڭ ئوتلىرىدا كۆيۈپ، نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى. ئوغلۇمغا قاراپ يۈزۈمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئاستا ئېگىلدىم ـ دە، قۇشقاچ بالىسىنى قولۇمغا ئاۋايلاپ ئالدىم.



## بايلىق

(نەسر)

بالام، ئىنسان ئۈچۈن بايلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ سېنىڭچە بايلىق ـ مال ـ دۇنيامۇ ياكى ھوقۇقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىساڭ، راستىنلا خاتالاشقان بولىسەن. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق — ۋاقىت.

ئەگەر ھاياتنى قىممەتلىك دېسەك، ئۇنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى يەنىلا ۋاقىتتۇر. مۇبادا بىزنىڭ ۋاقىتتىن ئىبارەت بايلىقىمىز بولمىسا، بىز بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەيمىز. چۈنكى، ۋاقىت — بىزنىڭ بايلىقىمىز. چۈنكى، ۋاقىت — بىزنىڭ بارلىقىمىز. ئۇنى قەدىرلەش — ھاياتنى قەدىرلەش دېگەنلىكتۇر. ئۇنى قولدىن بېرىش — ئاشۇ قىممەتلىك ھاياتنى قولدىن بېرىش دېمەكتۇر. شۇڭا ساڭا دەيدىغىنىم، دۇنيادىكى ئەڭ چەكسىز نەرسە ۋاقىت بولغىنىدەك، ئەڭ قىسقا نەرسىمۇ ۋاقىتتۇر. ئۇنىڭدىن قانچىلىك پايدىلانساڭ، ئۇ ساڭا شۇنچە سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ، ئۇ سېنى ئاخىرى جازالايدۇ. شۇڭا

تارىختىن بېرى، ئۇتۇق قازانغانلار ۋاقىتنى مىنۇت، سېكۇنتلاپ قەدىرلىگەنلەر، ئەكسىچە مەغلۇپ بولغانلار ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەردۇر. بۇ خۇددى «بۇغداينى تېرىساڭ ئورۇيسەن، تېرىمىساڭ خورايسەن» دېگەندەك بىر ئىش.

بالام، ۋاقىت دەرىخى ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى شېرىن مېۋىگە كىرگۈزەمسەن ياكى قۇرۇتۇۋاتامسەن، بۇ سېنىڭ ئەقلىڭگە، شىجائىتىڭگە باغلىق. مۇبادا يۇلتۇزلار قولۇڭدا ئۇسسۇل ئوينىيالىسا، ئۆمۈر گۈلۈڭ چېچەكلەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ چۈش دۇنياسىدىن ئويغىنالمىسا، يىلتىزىڭنى قۇرت يەيدۇ. شۇڭا ۋاقىتنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئىزىڭدىن گۈل ئۈندۈر. ئۆمرۈڭ ئۆزىرايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قەبرەڭ غېرىبسىنىپ قالمايدۇ. مۇبادا ۋاقتىڭنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، لالما ئىتتەك بىكار ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلىسەن. كونا پېتەكچىلىكمۇ قىممىتىڭ بولمايدۇ.

بالام، بەخت بىلەن ۋاقىت چەمبەرچاس باغلانغان. شۇڭا ھەر قاچان ۋاقىتنىڭ قولىنى قويۇۋەتمە، ئۇنى ئەڭ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە ياخشى كۈتۈۋال! ئۇ قولدىن كەتسە، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ۋاقىت رەھىمسىز. ئۇ يىغلىغانغا، قاقشىغانغا مىت قىلىپمۇ قويمايدۇ. ھەتتا مال - دۇنياغا، ھوقۇق - ئىمتىيازغىمۇ قارىمايدۇ. ئۇ پارا ئالمايدۇ. ئارقا ئىشىكتىن ماڭمايدۇ. خان - غوجام، باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇ — بەئەينى بىر ئۇچقۇر ئات. ئۇ — خۇددى



ساداقىتى چىققان ئوق. ئۇ — گويا تىزگىنسىز ئېقىن.

بالام، بەزىلەر ئۆمۈر بويى ھوقۇق ۋە پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ. ئەمما قېرىغاندا ۋاقىتنىڭ بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پۇشايمان ئوتىدا قىلدەك تولغىنىدۇ. بالىسىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ قالغان بىچارە ئانىدەك ھەسرەت چېكىدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ. ئۆزىنى شۇنچىلىك بىقۇۋۇل، نامرات، بىچارە ھېس قىلىدۇ. ئەپسۇس، ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۆتكەن ئۆمۈر يېڭىلانمايدۇ، زادىلا يېڭىلانمايدۇ. شۇڭا زاماننىڭ دانىشمەنلىرى: «ۋاقىت ئىسراپچىلىقى — ھايات ئىسراپچىلىقى»، «ۋاقىت ئىسراپچىلىقى — بەخت ئىسراپچىلىقى» دېگەن بولسا، خەلقىمىز: «ۋاقىتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى»، «ۋاقىت — ئاتقان ئوق» دېگەن. مانا بۇ ھايات، ۋاقىت، بەخت ھەققىدىكى ئالتۇندەك بىباھا سۆزلەر. ئەجەبا بۇلار دىلىمىزنى تۈندىكى مەشئەلدەك يورۇتالماسمۇ؟

بالام، ھايات بىزگە بېرىلگەن بىرلا پۇرسەت. ئۇ بىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقىمىز. ئۇ ئۆز ئىلكىڭدە تۇرۇپتۇ. ئۇنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋاتما! چۈنكى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە تولدۇرالمايدۇ. شۇڭا سېكۇنت ۋاقتىڭنى چىڭ تۇتۇپ، ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارات! شۇندىلا چەكلىك ئۆمرۈڭ چەكسىزلىككە ئىگە بولىدۇ.

# مۇھەببەت يۇلتۇزى

(نەسر)

بالام، مۇھەببەت يۇلتۇزى كۆكتە شوخ جىمىرلاپ، قەلب ئىتىزىمىزغا ئىللىقلىق، گۈزەللىك ۋە بەخت نۇرلىرىنى چاچقۇ قىلىدۇ. سۆيگۈسى بىلەن ئالەمنى كۈلدۈرىدۇ. خۇددى يامغۇر – يېشىن گۈل – گىياھلارنى كۈلدۈرگەندەك.

بالام، سەنمۇ ھاياتلىقىڭنى ئۇنىڭ ئارىسىدا كۆكلەت، گويا بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيى تۇپراقنىڭ باغرىغا سىڭىپ، يېشىللىق بەرپا قىلغاندەك.

بالام، مۇھەببەت يۇلتۇزى كېچىنىڭ يۈرىكىنى ئويغاتقىنىدەك، سەنمۇ مۇھەببىتىڭ بىلەن دۇنيانىڭ قۇچىقىنى ھارارەتكە تولدۇر. چۈنكى، كىشىلىك ھايات سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە تولغان. ئەگەر مېھىر – مۇھەببەت بولمىغان بولسا، ھاياتىمىز ئۈچمەنلىك، غەزەپ، ھەسەتخورلۇق ئوتلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، بەئەينى قۇمغا چىقىپ قالغان بېلىقنىڭ قىسمىتىدەك ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن بولاتتى. ئۇچاغدا قۇشلار باغلاردا زوق – شوق بىلەن ناۋا قىلالمايتتى. ئۇ چاغدا ئانىلارمۇ بالىلارنى قۇياش ھاياتلىقنى سۆيگەندەك سۆيەلمەيتتى. ئۇچاغدا...



بالام، مۇھەببەت يۇلتۇزى بىر ئۆمۈر باشقىلارنى ئويلىغاندەك، سەنمۇ باشقىلارنى ئويلا، خۇددى قۇشقاچ بالىسىنى سۆيگەندەك سۆي! چۈنكى، چىن مۇھەببەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان، باشقىلارغا زادىلا مېھىر بەرمەيدىغان شەخسىيەتچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇ سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، كۆيۈمچانلىق، ساپ ئەقىدە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى ئىككىلا ئالەمدە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە ۋە سۆيۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ناۋادا بالام، مۇھەببەت يۇلتۇزىنى كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزالىساڭ، دۇنيا بوۋاقنىڭ كۈلكىسىدەك ساپ، ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتىدەك چىنلىققا ئىگە بولۇپ، ھەممە يەرنى ئىللىقلىق قاپلىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا تىكەنلەرنىڭ ئۇچى پاختىدەك يۇمشاپ، ئالەم تۈگىمەس غوۋغالاردىن قۇتۇلاتتى.

بالام، مۇھەببەت — كۆڭۈل يارىسىنى داۋالايدىغان خاسىيەتلىك دورا. ئۇ — قىشتىكى ئوت. ئۇ — ھارارەتكە باي قۇياش. ئۇنىڭ سېھرى ۋە كۈچى تاشنىمۇ قول قىلالايدۇ. شۇڭا سۆزلىسەڭمۇ مۇھەببىتىڭ بىلەن سۆزلە، كۈلسەڭمۇ مۇھەببىتىڭ بىلەن كۈل، قارىساڭمۇ مۇھەببىتىڭ بىلەن قارا! چۈنكى، مېھىر – مۇھەببەت ھەممىمىزگە بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا. ئۇنى تاشلىۋېتىش — ئۆزىنى تاشلىۋەتكەندەك بىر ئىش.

بالام، مۇھەببەت يۇلتۇزى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ. سەن جۇدۇن ئىچىدە قالساڭمۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمە! چۈنكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ مەھەللەم

(نەسر)

مەن بالىلىق قەلبىمگە ئاجايىپ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان مەھەللەمنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ روھىمدا مۇقەددەس بىر ماكان. شۇنداقلا ئەڭ سۆيۈملۈك جاي.

كىشىلەر بۇ يەرنى «جىگدە بۇلاق» دەپ ئاتىشىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتاش بولۇپ، قۇملۇق بىلەن ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان جىگدىزارلىق بار. بۇ يەر يىراقتىن قارىغان كىشىگە تەكلىماكان بېلىگە گويا يېشىل پوتا باغلىۋالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدە قاراقاش دەرياسى بەئەينى زور يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تولغىنىپ ئاقىدۇ. مەھەللىنىڭ باش قىسمىدا «جىگدە بۇلاق» دەيدىغان بىر بۇلاق بار. ئۇ سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كىشىگە خۇددى زېمىننىڭ كۆزىدەك تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىشمۇ ياز بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان



زۇمرەتتەك سۈيى تۇپراقنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا گويا قاندەك تاراپ، كىشىگە تۈگىمەس ھايات سىمفونىيەسىنى ئەسلىتىدۇ.

مەھەللىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇملۇق تولىمۇ سېھىرلىك. سىز ئۇ يەرگە بارسىڭىز، تۆگە لوكىسىدەك ئېگىز - پەس قۇم دېڭىزىنىڭ تىمتاس جىمجىتلىقىدىن بۇ يەردە ۋاقىت توختاپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. كەچكى شەپەقتە چۆمۈلگەن قۇملۇقتا قارىغىنىڭىزدا، پۈتكۈل قۇملۇق بەئەينى ئالتۇن تىللالار ئارىسىدا قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. تېخىمۇ زەن سېلىپ قارىسىڭىز، بارخانلارنىڭ يۈزىدىكى سىزىقچىلاردىن ئاجايىپ گۈزەل گۈل نۇسخىلىرىنى كۆرەلەيسىز. بولۇپمۇ ئۆركەشلەپ تۇرغان زور ئېقىندەك ھەيۋەتلىك قۇم دانچىلىرى سىزنى تىلسىماتلار دۇنياسىغا باشلاپ، خىيال قۇشلىرىڭىزنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. مۇبادا توپىدىن قورقمىسىڭىز، بۇ يەردە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ بېقىڭ. شۇ چاغدىلا سىز ئانا تۇپراقنىڭ نەقەدەر يۇمشاق، نەقەدەر ئىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئالەمچە ھوزۇرغا چۆمۈلىسىز. تەبىئىي ھالدا ئۇندەك پاكىز، بالىلاردەك پاك بۇ تۇپراققا باغلىنىپ قالىسىز. مېنىڭ بالىلىقىم ئەنە شۇ تۇپراقتا تولىمۇ خۇشال ئۆتكەن. بىز بۇ يەردە دۆڭلۈكلەر ئارا جەڭگە ماڭغان ئاتلىق ئەسكەردەك چېپىشاتتۇق. ھارغىنىمىزدا ئانا باغرىدەك ئىسسىق توپىغا ئۆزىمىزنى تاشلاپ، گويا ئالەمنىڭ ھوزۇرىنى سورۇۋاتقان غەمسىز بوۋاقلاردەك

www.uyghurkitap.com

يېتىشاتتۇق. ھاردۇقىمىز چىققاندا ئورۇنلىرىمىزدىن ئىرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇشاتتۇق - تە، پاتمىچۇقلارنىڭ قىزىق ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق...

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قۇملۇق بەئەينى يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان بوّلەنچۈك ئىدى. شۇڭىمۇ بىز ئۇنىڭ باغرىغا قانمايتتۇق.

قاتار - قاتار كەتكەن جىگدىلىك مەھەللىمىزنىڭ زىننىتى، شۇنداقلا مەھەللىمىزنى قۇم - بوراننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىغۇچى پىدائىيلىرى. ئۇنىڭ قولنى - قولغا تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەرلەردەك ئۇزۇن سېپى ئادەمگە ئىختىيارسىز مۇستەھكەم قورغاننى ئەسلىتىدۇ. سەھەردە ھاۋالانغاچ بۇ يەرگە كەلسىڭىز، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قويۇق شاخلىرى ئارىسىدا قۇشلار خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاتا - بالىدەك نېمىنىدۇ دېيىشىپ، توختىماي پىچىرلىشىدۇ. بېشىڭىزنى مۇنداقلا كۆتۈرسىڭىز، ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭ تىلىدەك كىچىك، غۇژمەك كۈمۈش رەڭ ياپرىقى ئاسمان بوشلۇقىدا گويا سانسىز كۈمۈش مونچاقتەك كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ. شاخلار ئارىسىدىكى قىپقىزىل پىشقان سانجاق - سانجاق جىگدىلەر خۇددى ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك جۇلالىنىپ، كۆزنى قاماشتۇرسا، ئۇنىڭ غولىدىكى مەرۋايىتتەك يېلىمى قىزلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدۇ. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا



دەرەخ. چۈنكى، ئۇ سۇ، تۇپراق تاللىماي، ھەممە يەردە قەد كۆتۈرۈۋېرىدۇ. دېھقاندەك جاپادىن قورقمايدۇ. قىلچە ۋايسىمايدۇ. يەرنىڭ ئاچچىقى، ھۆللۈكىنى تەڭشەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇنبەتلەشتۈرىدۇ. شۇڭا ئىپارخان جىگدىنى «مېۋىسى ئالتۇن، ياپرىقى كۈمۈش» دەپ تەرىپلىگەنىكەن. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: مۇبادا مەن رەسسام مۇئەللىمى بولغان بولسام تۈنجى سائەتلىك دەرستە چوقۇم جىگدىنىڭ رەسىمىنى دوسكىغا چىزايلىق سىزاتتىم...

مەن كىچىكىمدە باللار بىلەن مانا مۇشۇ يەردە سۈبھى قۇشلىرىدەك چۇرۇقلىشىپ، مۆكۈشمەك ئوينىغان. ئۇزۇن خادىلارنى ئېلىۋېلىپ، جىگدە قېقىپ، نانتەك ئېتىپ يېگەن. جىگدە يېلىمى كولاۋاتقان قىزلارغا توك جىگدە ئېتىپ، ئۇلارنى يىغلاتقان. تومۇچۇق باللىرىنى ئۇۋىسىدىن ئېلىپ، ئېغىزىمىدا دان بېرىپ باققان ئىدىم. بىز بۇ يەردە پادا باققاچ، قاتار ئويۇنى ئويناپتتۇق. قىزلار بولسا جىكەچ ئويناتتى. قورساق ئاچسا جىگدىنى كەمپۈتنىڭ ئورنىدا شۈمەتتۇق. گاھى كۈنلىرى قۇرۇپ قالغان جىگدە شاخلىرىنى چاراسلىتىپ كۆيدۈرۈپ، ئەمدىلا قوزا چىشى بولغان خام قوناقلارنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك دانلىرىنى بىرمۇ بىر ئۇۋاپ يەيتتۇق. قىشلىرى پاختەك ئېتىلدۇراتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئۇماچ شۇنداق تاتلىقمۇ تاڭ، ئانىمىز جىگدە سېلىپ ئېتىپ بەرگەن ئۇماچنى ئاياقنىڭ

تېگىنى قىرىپ دېگۈدەك چالا قويماي ئىچەتتۇق. ھەرگىزمۇ ھازىرقى باللاردەك ھال تارتمايتتۇق. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە جىگدىلىك خۇددى جەننەت ئىدى. شۇڭا بىز ئۇ يەردە ئويناپ ھارمايتتۇق.

دەريا مەھەللىمىزنىڭ «يۈرىكى» بولسا، «جىگدە بۇلاق» بەئەينى كۆزىدۇر. خۇددى يۈرەك بىلەن كۆز ئىنسان بەدىنى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەزا بولغىنىدەك، قاراقاش دەرياسى بىلەن «جىگدە بۇلاق» مەھەللىمىزنىڭ جان تومۇرى، شۇنداقلا ھاياتلىقىنىڭ سۈت ئانىسى. شۇڭا ئۇ ئەلمىساقتىن بېرى بۇ كىچىككىنە مەھەللىنى خۇددى يامغۇر مايسىلارنى كۆكەرتكەندەك كۆكەرتىپ كەلگەن. ئۇلار بولغاچقىلا، بۇ قاقاس ۋادا بۈككىدە يېشىللىققا پۈركەنگەن. ئۇلار بولغاچقىلا، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر... ھاياتلىق ناخشىسىنى ئېيتقان. ئۇلار بولغاچقىلا، قۇشلار شادىيانە كۈلگەن. ئۇلار بولغاچقىلا، بۇ زېمىن نەپەسلەنگەن.

ياز كۈنلىرى دەريا سۈيى ئېتىز - ئېرىقنىڭ يۈرىكىدىكى قانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ بوستانلىقلارنى سۇغىرىپ بولۇپ، ۋەزىپىسى تۈگىمىگەن كونا ئەسكەردەك يەنە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ توختىماي ئاقىدۇ. ئۇنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى توغراقلار تەسۋىرلىگۈسىز بىر دۇنيا بولسا، مەھەللىمىز تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز شاللىق بىر دۇنيا. ئىيۇل ئايلىرىدا بۇ يەرگە كېلىپ قالغۇدەك بولسىڭىز، ئالدىڭىزدا يېيىلىپ ياتقان بۇ زېمىن خۇددى



يېشىل لىباس ئارتىۋالغان گۈزەل قىزدەك كۆرۈنىدۇ. كۆز شامىلىدا ئۇنىڭ ساپسېرىق باشاقلىرى سۇس ئىرغاڭلاپ، ئادەمگە گويا ئالتۇن ئېقىۋاتقان دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ. مۇبادا قۇياشنىڭ پېتىۋاتقان ۋاقتىدا شال ئېتىزىغا قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى بىھېساب ئالتۇن تەڭگىلەر ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلىسىز. بولۇپمۇ قۇياش نۇرى ئەگىلىك ئەتكەن ئالتۇن باشاقلارنىڭ مەيىن شامالدا ئاستا دولقۇنلىشى سىزگە تەبىئىي ھالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ خور ئېيتىۋاتقان بىر توپ قىزلارنى ئەسلىتىدۇ. مۇبادا شال ئېتىزلىرى ئارىسىدىكى ياپيېشىل يۇسۇنلەرنىڭ قامچىدەك ئىنچىكە بويىنىنى خۇددى غازدەك سوزۇشۇپ، سىزگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، خۇددى ئېسىل مۇزىكا ئاڭلىغاندەك كەيپىياتىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ...

بىز بۇ يەردە ياز بويى ئاندىن تۇغما ھالدا سۇغا چۈشۈپ ئوينايتتۇق. يامانراقلىرىمىز دەريا قېشىغا چىقاتتۇق - تە، ئېگىزدىن سۇغا قاراپ موللاق ئاتاتتۇق. بۇ چاغدا چولتوككىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتۇق ۋە بىردەمدىن كېيىن سۇ يۈزىگە بېلىقتەك لەيلەپ چىقاتتۇق. يەنە كىرىپ كېتەتتۇق. ئاندىن تېيىز يەرلەردە بىر - بىرىمىز بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشەتتۇق. پۇتىمىز ئاستىدىن چاچرىغان سۇلار بوشلۇقلاردا نۇرغۇن ئۈنچە - مارجانلارنى ھاسىل قىلاتتى. ھارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

چېغىمىزدىلا كۆپكۆك قۇملارغا باراتتۇق ـ تە، قۇمنى مەھكەم قۇچاقلاپ، قۇياشنىڭ هارارىتىدىن نۇر ئېمەتتۇق. قايتىشىمىزدا شاللىقلاردىن بېلىجانلارنى تۇتۇپ ئوينايتتۇق. ھەرگىزمۇ هازىرقى بالىلاردەك سۇدىن قورقۇپ قالمايتتۇق. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە دەريا بويى گويا بىر يېشىل ئارال ئىدى. شۇڭىمۇ بىز بۇ يەردىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيتتۇق.

«جىگدە بۇلاق» مەھەللىمىزنىڭ ئىپتىخارى. ئۇ بەئەينى تامغا تارتىلغان گۈزەل بىر پارچە سۈرەت. ياق، ئۇ گويا كۆپكۆك ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر بۇرجىكى. ئۇنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك كۆك، مۇزدەك بولۇپ، بۇلدۇقلاپ ئېقىشى خۇددى بوۋاقنىڭ ئويقۇلۇقتىكى كۈلكىسىدەك تاتلىق. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى قويۇق مەجنۇنتاللار بىلەن قورشالغان بولۇپ، تال ـ تال چوكانلىرى مەيىن شامالدا ئاستا ئىرغاڭلاپ سۇ يۈزىنى سۆيۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ هاۋاسى تولىمۇ سالقىن. يىراقتىن شۇنداقلا كەلسىڭىز خۇددى مۇزخانىغا كىرىپ قالغاندەك سەگىدەپ قالىسىز. سىز قاچانلا كەلمەڭ، سۇ هالقا ـ هالقا دولقۇنلارنى هاسىل قىلىپ، خۇددى ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىدەك توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئاققىنى سۇلا ئەمەس، زەمزەم. ئۇنى تومۇزنىڭ تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق كۈنلىرى ئوچۇملاپ ئىچسىڭىز، يۈرىكىڭىزنىڭ دەل يېغىشىغا بېرىپ، روھىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ.



سالپىيىپ قالغان مايسىدەك ئۆپكىڭىزنى باهار يامغۇرىغا قانغان گۈل كەبى ياشارتىدۇ. ئۇنىڭ سايىسىدا بىردەم يېتىۋالسىڭىز نەچچە يىللىق هاردۇقىڭىز بىراقلا چىقىپ كېتىدۇ...

بۇ يەردە بىز مەكتەپتىن كېلىپ، مۇزدەك سۇدىن دۇم يېتىپ تۇرۇپ قانغۇچە ئىچكەن. زاغرا ناننى باش ئېقىنغا ئېتىۋېتىپ، ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە سۈزۈپ ئېلىپ، ئىشتىها بىلەن تويغىچە يېگەن. هاردۇق يەتكەندە مەخمەلدەك چىملىقلىرىدا بەگزادىلەردەك يېتىشىپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرگەن. يىپەكتەك يۇمشاق شامالLARنىڭ سۆيۈشىدىن مەست بولۇپ، ئەس ـ هوشىمىزنى يوقىتىشقان. نەمخۇش، خۇشبۇي هاۋاسىنى قانغۇچە هىدلىغان. قوي، ـ كالىلارنى، ئېتىز ـ ئەرەكلەرنى... سۇغارغان.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە «جىگدە بۇلاق» بەئەينى بىر مېھرىبان ئانا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۈتىنى ئېمىپ قانمايتتۇق...

«جىگدە بۇلاق» مېنىڭ ئىسسىق ئۇۋام. مەن ئۇنىڭ نېنىنى يېگەن، سۈيىنى ئىچكەن، تۇزىنى تېتىغان. ئۇنىڭ باغرىدا ئۇچۇرما بولۇپ، قىران بۈركۈتتەك كۆكلەردە قانات قاققان. شۇڭا ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە، مەن ئۇنىڭ قەلبىدە.

**图书在版编目(CIP)数据**

吃垃圾的狗：维吾尔文/吾买尔·买提努尔著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4

(给孩子们的礼物. 中)

ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ. ①吃... Ⅱ. ①吾...Ⅲ. ①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069890号

丛 书 名　给孩子们的礼物－中（7）
书　　名　吃垃圾的狗
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　吾买尔·买提努尔
责任编辑　买哈巴·铁外库
特约编辑　艾合买提·买买提
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆今日新疆印务有限公司印装
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　3.875
版　　次　2010年4月第1版
印　　次　2011年2月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5373-2011-5
总 定 价　84.00元（全10册）

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com